مەسنەۋىلەر گۈلىستانى

# ئەدەبلىك كىشىگە ئەلەم يەتمەيدۇ

(مەسنەۋى خاراباتى)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئەبەدىيلىك ئىشقە ئەلەم يەتمەيدۇ

(مەسنەۋىي خاراباتى)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئەنۋەر ھەسەن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زاماننىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تالالاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئەدەپلىك كىشىگە ئەلەم يەتمەيدۇ» دېگەن كىتابتا مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى (1638 – 1730) نىڭ ھاياتى ۋە «مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق ئەسىرىدىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# خاراباتىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

شائىر مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى 1638 - يىلى ئاقسۇنىڭ چوغتال كەنتىدە تۇغۇلۇپ، 1730 - يىلى ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. «ھاجى خاراباتى تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلار بىلەن پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇ دەسلەپكى مەلۇماتنى ئۆز يۇرتىدا ئېلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخاراغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگەن. بۇ مەلۇماتلاردىن شائىرنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۆز زامانىسىدا خېلىلا باي، ئوقۇمۇشلۇق، مەدەنىيەتلىك ئائىلە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. شائىرنىڭ ئىسمى مۇھەممەت بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا، «خاراباتى»[1] شەرق شائىرلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە

[1] خاراباتى — ئۆز كۆز قارىشى، ئېتىقادى يولىدا كۈرەش قىلىپ خاراب بولغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ھەرىكەت ـ پائالىيىتىگە خاس شائىرنىڭ تەخەللۇسىدۇر.
شائىرنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەرت ـ شارائىتى، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى ھېسابقا ئالغاندا، شىنجاڭدا جۇڭغار ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغۇچى باتۇر قونتايجى زامانىسىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدا ئىستىبدات ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئەۋلادلىرى غالدان قونتايجى، غالدان سېرىن قاتارلىقلار ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغ دەل ئالتە شەھەردە سىياسىي ھاكىمىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاق تاغلىقلار ۋەكىلى ئاپاق خوجا قورچاق ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەۋردىن تارتىپ، ئۇنىڭ بىر نەچچە ئەۋلادى ھۆكۈم سۈرگەن، ئاخىرى قارا تاغلىقلار ۋەكىلى دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى ياقۇپ خوجا (خوجا جاھان ئەرشى) ھاكىمىيەتكە چىققان دەۋر ئىدى. شائىر خاراباتى مانا مۇشۇ خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان بىرىنچى يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.
ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن دەۋر سىياسىي جەھەتتىن شىنجاڭ تارىخىدا ئەڭ مۇستەبىت، ئەڭ ئىستىبدات، ئاق تېررورلۇققا تولغان دەۋر بولغان بولسا، مەدەنىيەت جەھەتتىن، مەدەنىيەت جاللاتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر

دېيىشكە بولىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ۋەھشىي قاتىل جاللاتلىرى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى خەلق ئەقىل - پاراسىتىدىن يارالغان مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى جاھىللىق بىلەن تەلۋىلەرچە كۆيدۈرۈپ تاشلىغانىدى. خەلقنى بۇنداق نادانلىق ئاسارىتىدە تۇتۇش جۇڭغار ئاقسۆڭەك ھاكىمدارلىرى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ خەلق دۈشمەنلىرىنى، ئۇلارنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيتتى.

شائىر مانا شۇ سىياسىي جەھەتتىن شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ژاندارمىسىغا ئايلانغان، روھىيەت جەھەتتىن سوفىزمنىڭ راسا ئەۋج ئالغان ئىس - تۈتەكلىرى پۈتۈن مەدەنىيەت ئاسمىنىنى قاپلىغان زاماندا ياشىدى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر خاراباتى بۇخارادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىدا ئىمام ۋە مۇدەررىس بولغان، كېيىن ئۆزى ئىگىلىگەن ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ، پەلسەپە، ئىلاھىيەت ئىلمى بويىچە شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن دۇنيا قارىشى بويىچە، سوفىزم مۇرىتلىرىنىڭ مىستىك، چۈشكۈن، نادان دۇنيا قارىشى ۋە سىياسىي جەھەتتىن فېئوداللار سىنىپى ۋە

جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا قۇل بولۇشتەك ئەكسىيەتچى قاراشلار تەرەپدارلىرى بىلەن قاتتىق توقۇنۇشۇپ، مۇنازىرە يالقۇنى گۈلخانىدا غەرق بولۇپ، مال - مۈلكىنى مۇساپىرلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، تەركىدۇنياچىلىقتا ئىجادىيەت، ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللاندى دېسە، بەزى ماتېرىياللاردا ئۇ، ھەجگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1987 - يىللىق بىر سانىدا «ئاتاقلىق شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتىنىڭ مازىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدە «ھاجى خاراباتى مەسچىتىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى»، «ھاجى خاراباتى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ جەسىتى ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەقبەرە» نىڭ ھەيۋەتلىك رەسىمى بېرىلگەن. بۇ ماقالىدە: «نامى ئۆچمەي كېلىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مەقبەرىسى ھەمدە ئالىمنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن سېلىنغان ھاجى خاراباتى مەسچىتى ئالىم دۇنيادىن ئۆتۈپ ئارىدىن تەخمىنەن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىنا قىلىنغان، ياسالغىنىغا 230 يىل بولغان بۇ مەسچىتنىڭ بىر قىسىم تام نەقىشلىرى بىرەر قېتىممۇ رېمونت قىلىنمىغاچقا، يوقىلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ....» دېيىلگەن. بۇ پاكىت بىرىنچىدىن،

شائىرنىڭ مەككىگىمۇ بارغانلىقى، ئىككىنچىدىن، شائىر ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ۋە شېئىرىيەت ئىلاھىيىتى ئىلمى ئارقىلىق خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ئۇلۇغۋار زاتقا ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىر خاراباتى گەرچە ئەينى دەۋردىكى فېئودالىزمنىڭ چىرىك روھىي تىرىكى بولغان سوفىزم مۇرتلىرىنىڭ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇنىڭ قولچۇماقلىرى بولغان ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دىكتاتورىسىنىڭ ۋەھشىيلەرچە قورشاۋىدا جىسمانىي شەكلەن يېڭىلگەن، «خاراب» بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خەلق قەلبىگە سىڭىپ مەڭگۈ يېڭىلمەس كۈچكە ئايلانغانلىقى بۈگۈنكى كۈندە ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ.

شائىر ئەسەرلىرىنىڭ ھەممە يېرىدە خۇلاسە تەرىقىسىدە، نەپرەت شەكلىدە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان:

مەن نىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلەر،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلەر.

دىگەندەك جاراڭلىق ساداسى ئارقىلىق، بۇ زۇلمەتلىك فېئودال جەمئىيىتىنىڭ بارلىق جىنايى

ئىللەتلىرى بىلەن باشتىن - ئاخىر جان تىكىپ ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشتەك تەۋرەنمەس قەيسەر ئىرادىسىنى، جاسارىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىر ۋاپاتىدىن 20 يىل كېيىن ئۇنىڭ نامىغا سېلىنغان «ھاجى خاراباتى» جامە مەسچىتى ۋە مەقبەرىسى ھەمدە ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ زىيارەت ۋە تاۋاب قىلىش قارارگاھىغا ئايلىنىشى شائىرنىڭ ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆز زامانىسىدىكى ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغان، خەلق مەنپەئىتىنى قوغدىغان دېموكراتىك روھنىڭ چەكسىز بايلىقى، بۇ روھنىڭ خەلق قەلبىدە ئۇنى مەڭگۈ ئەسلەش كۆچىگە ئىگە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىر ھاياتىدا 13 مىڭ مىسراغا يېقىن شېئىر يېزىپ بىزگە مىراس قالدۇرغان. بۇ شېئىرلار ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى»[1] دېگەن نام بىلەن توپلام قىلغان. توپلامنىڭ ئىسمىمۇ ئىخچام، مەنىلىك قويۇلغان بولۇپ، ئۇ كىشىگە بىر قاراشتىلا شائىر

---

[1] كۇللىيات — پۈتۈن، تولۇق، بىر يۈرۈش مەسنەۋى، ئارۇز ۋەزنىنىڭ شەكلى، خاراباتى — شائىر تەخەللۇسى.

ئىجادىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى، ئۇنىڭ يېزىلغان شەكلىنى، شائىر تەخەللۇسىنى ئەسلىتىدۇ.

«كۇللىيات مەسنەۋى»نىڭ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئۈچ نۇسخىسى بار. بىرىنچىسى، موللا غوجاش دېگەن كىشى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1248 - يىلى (مىلادىيە 1839 - يىلى) كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ گۇرۇپپىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاقسۇ «ھاجى خاراباتى» مەقبەرىسىنىڭ شەيخى مەمتىمىن شەيخ بىلەن بەش تۈگمەنلىك ھەزىم مەزىنئاخۇنۇم قولىدا ساقلىنىۋاتقان قوليازما نۇسخىلىرى، ئۈچىنچى، ئاقسۇ بازار ئىچى كۆكتاتچىلىق ئەترىتىدىكى سەمەت قارىيدىن سېتىۋېلىنغان نۇسخا بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان باسما نۇسخىسىدىن ئىبارەت. بۇ كىتاب ھىجرىيە 1327 - يىلى (مىلادىيە 1909 - يىل) مەرىپەتپەرۋەر مەرھۇم بىن شاھىي يۇنۇسنىڭ شەخسىي خىراجىتى بىلەن تاشكەنت ئارىپجانوف مەتبەئەسىدە بېسىلغان باسما نۇسخىلىرى ھەم موللا مۇزەپپەر شۇكۇر مۇھەممەت ئوغلىنىڭ شەخسىي خىراجىتى بىلەن تاشكەنت غۇلامىيە مەتبەئەسىدە كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىلىرى ھازىر

خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇلاردىن باشقا چەت ئەللەردە «مەسنەۋى خاراباتى»، «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» (بۇ ئىككى كىتابنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ئوخشاش) دېگەن ناملار بىلەن ئارقا ـ ئارقىسىدىن بېسىلىپ خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان.

1987 ـ يىلى يولداش ئېزىز سابىتنىڭ جىددىي ئىزدىنىشى، قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ سەل ـ پەل قىسقارتىلغان ۋە تىلىدىكى بەزى ئەرەب ـ پارس ئاتالغۇلىرىغا بېرىلگەن ئىزاھات بىلەن ئىشلەنگەن نۇسخىسى «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلگەنلىكى چوڭ بىر ئىش بولدى.

«مەسنەۋى خاراباتى» ئەدەبىيات نەزەرىيىسى نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلىنىپ شائىرنىڭ ئەخلاق قاراشلىرىنى، پەلسەپە، ئېتىكا، ئېستېتىك، دىداكتىك قاراشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلىرىنى بەدىئىي ئوبرازلار شەكلى بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ھەر قانداق شائىر ياكى يازغۇچى ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

كىشىلەرگە ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئىستېتىك غايىسىنى ئۆز ئەسىرىدە ياراتقان ئوبرازلار سىستېمىسىغا چېچېۋېتىدۇ. ھەتتا بەدىئىي ئەسەردە ئوبرازنى ھۆجەيرىسىنى تەشكىل قىلغان «سۆز» جۈملە، مىسرالارغىچە شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدىكى بىر پۈتۈن ئىستېتىك غايە ئۇ ياراتقان بىر پۈتۈن ئوبرازلار سىستېمىسى ۋە سۈرەتلىرىدىن خاھىشچانلىق بىلەن سىرغىپ ئېقىپ چىقىپ، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ، يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ بىر پۈتۈن ئىستېتىك غايىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شائىر ئەسىرىدە ئۆز جەمئىيىتىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، ئۆز رېئال جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرى شەكىللەندۈرگەن خىلمۇخىل ئىنسانىي خاراكتېرلەرنى لوگىك تەپەككۇر بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ، بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ كىتابخان ئالدىغا تاشلاپ، ياخشىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، يامانلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئىجابىي خاراكتېرلىك ئەخلاقنىڭ كۈچى بىلەن خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتىشقا ئىنتىلىدۇ ھەمدە رېئاللىققا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇ خاراكتېرلەرگە جان بېرىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتتىكى جەمئىيەتكە بولغان پايدا ـ

زىيىنى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىستېتىك غايىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

شائىر «مەسنەۋى خاراباتى» دېگەن بۇ يىرىك ئەسەرىنىڭ «بۇ پەسىلدە دىنپۇرۇش ۋە دۇنيا تەلەپ ۋە شەيخى زەر تەلەپلەرنى ئەيتۇر» دېگەن بابىدا «دىنپۇرۇشلۇق» نى مۇنداق ساتىرىك قامچىسى ئاستىغا ئالىدۇ:

ئەي ئوغۇل بول دىن پۇرۇشلۇقتىن يىراق،
دىن پۇرۇشۇ دىل خۇرۇشلۇقتىن يامان.
دىن پۇرۇشلار ئەھلى بى تەمىز بولۇر،
ئاقىبەت ئول «دىن پۇرۇش» تونگۇز بولۇر.

شائىر بۇ بابتا خائىن «دىنپۇرۇش» بەلئەمى بائۇرنىڭ خاراكتېر ۋە قىياپىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

خەلق ئارا بار ئىدى بىر قوتبى زامان،
كۆرمەس ئەردى تەڭرىدىن سودو زىيان.
ئىسمى ئانىڭ بەلئەمى بائۇر ئىدى،

رەسمى ئانىڭ ھەر زامان مەھجور[1] ئىدى
شەيخلىك سۇرەتتە ئەردى خۇش لىباس،
بولماپ ئەردى نەپسىدىن ھەرگىز خالاس.

شائىر بۇ بابتا مال - دۇنياغا ئىمان، ۋىجدانىنى سېتىپ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە چەت ئەل باسقۇنچىلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشىگە يول ئاچقان «شەيخ» دىنپۇرۇش بەلئەمى بائۇرنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىپ، شەيخلەرنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىسا، «دەر بايان ئەھۋالى سوفى[2] ئامى[3]» بابىدا سوپىلارنىڭ بىلىمسىز، نادان، ئالدامچى، نان قېپى، پۇل، مال - دۇنيانىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى مۇنداق گەۋدىلەندۈرىدۇ:

ئەمدى ئەيتاي سوفىلارنىڭ رەسمىنى،
ئاملارنىڭ، خاسلارنىڭ ۋەسفىنى[4]،
سوپى گەر ئامى ئىرور ئەييار[5]ىدۇر،
مال جەمئىي ئەيلەرگە ئول تەيياردۇر.

---

[1] مەھجۇر ـــ غەلىتە، كېرەكسىز، ئاجايىپ - غارايىپ.
[2] سوفى ـــ گۇناھىدىن يېنىپ ياخشى يولغا ماڭغۇچى، قەلب تازىلىغۇچى.
[3] ئامى ـــ بىلىمسىز، نادان.
[4] ۋەسفى ـــ سۈپىتى، ئالاھىدىلىكى.
[5] ئەييار ـــ ئالدامچى.



www.uyghurkitap.com

سوفى گەر ئامى دور ئول غەۋغا قىلۇر،
ھەر ئىشكتە ئۆزىنى رەسۋا قىلۇر.
ئامى سوفى تۇن، كۇن پەرياد ئېتەر،
بىر دەرەم كىم بەرسە كۆڭلىنى شاد ئېتەر.
ھەر كىشى سوفى دېسە ئەئىيان قالۇر،
چەرىخ ئۇرۇپ ئالدىدا ئول ئەفغان قىلۇر.
بىردەرەمغە بولغاي ئول پەرۋانەدۇر،
سوفىلار بەزمىدە يوق ئول نابىكار،
سوفى ئامى سۇرىتىنى ئوخشاتور،
دامو تەزۋىر[1] بىرلە ئەلنى يۇمشاتۇر.

ئەمدى شائىر ئېستېتىك غايىسىنىڭ ئىزچىللىقىنى ھەرىكەتتىكى سەلبىي قەھرىمانلار خاراكتېرىنى بويلاپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا يېتىپ كېلىدۇ. شائىر تىلىدىكى «ھارامخورلۇق» بىزنىڭ ھازىرقى زامان تىلىمىزدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتۇر. ئۇ «ھارامخورلار» سۇرىتىنى مۇنداق سىزىدۇ:

كىمكى يىغسە جەھىدىلە مالى ھارام،

---

[1] تەزۋىر ــــ ھىيلە ـ مىكىر.

قىلغۇسىدۇر، تامى بەر بالايى تام[1].
كىم هارامدىن كەيسە جىسمىغا لىباس،
روزى مەھشەر كەيگەن ئۇ، ئوتتىن لىباس.
كىم هارامدىن يىغسە مال بولماس ئەمىن،
بولغاي ئول مەھشەر كۈنى شەھرى لەئىن.
ھەر كىشىدە بىر دەرەم بولسا ھارام،
قالغۇسى مەقسۇدى ئانىڭ تامام.
كىمكى پاسىقدۇر ھارامخوردۇر بىلىڭ،
كىمكى سالىھدۇر ھالالخوردۇر بىلىڭ.

گەرچە شائىر «ھارامخور» ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئوخشاشلا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ئوبراز شەكىللىنىدۇ. بۇنى شائىر مېتودىدىكى رېئالىزمنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۈرۈشى دەپ ئېقرار قىلماي ئىلاج يوق.

شائىر ئۆز ئەسىرىدە ئىنسانىي خاراكتېرلار ئىچىدىكى ئەڭ قەبىھى بولغان «پىتنىچى» نىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

[1] تام ـــ ئۇستىگە تام ئەتمەك.

پىتنە قىلماق خۇنى ناھاقدىن يامان،
پىتنەچى بولماس جەھەننەمدىن ئامان.
خۇنى ناھەق پىتنەدىن پەيدا بولۇر،
پىتنەدىن ئالەمدە كۆپ غەۋغا بولۇر.
قىلسە پىتنە ئاشكارا ياناھان،
قالغاي ئۇ دەۋزاق ئىچرە جاۋىدان.
ئۇشبۇ ئالەم پىتنەدىن بولغاي خاراب،
پىتنەدىن كۆپرەك كىشى كۆرگەي ئازاب.
كىمكى قىلسە پىتنە ئول مەرۋانى خەر،
بولغاي ئول مەھشەر كۈنى ئىتتىن بەتەر.
پىتنەدىن يۈز ئۆرىسە رەھمەت ياغار،
پىتنەنى دوست تۇتسا، كۆپ لەنەت ياغار،
كىمكى يۈرسە پىتنەدىن ھەردەم قاچىپ،
جەننەتول فىردەۋس ئاڭا بولغاي نىسىپ.
پىتنەنى تەرك ئەتسە ئىززەتلىك بولۇر،
ئورنى شول سائەتتە جەننەتلىك بولۇر.
پىتنەچى ئىككى جاھاندا خاردۇر،
پىتنەچىلەردىن خۇدا بىزاردۇر.

بۇلاردىن باشقا شائىر ئىنسان ئەخلاقىغا يات بولغان

ۋالاقتەگكۈرلۈك، ئالدامچىلىق، تەمەخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك، ماختانچاقلىق، تەكەببۇرلۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى ئاچچىق ساتىرا قامچىسى ئاستىغا ئېلىپ يېتەرلىك ساۋايدۇ. شائىر خاراباتى ئىنسان ئەخلاقىدا پەيدا بولغان يۇقىرىقى يامان ئىللەتلەر جەمئىيەتكە ۋابادەك تارقىلىپ، جەمئىيەتنىڭ كونكرېت ھاياتى بولغان خەلق ھاياتىغا، ئۇنىڭ ئازادلىق - ئەركىنلىكى ۋە ئىستىقبالىغا بىۋاستە چاڭگال سېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ھاياتىدىن مەنىۋى ھاياتىغىچە بولغان ئارىلىقتا كېزىپ يۈرگەن ۋەھىمىسىنى، شائىر ئىنسانپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ يوقىتىش ئۈچۈن بۇ يامان ئىللەتلەرنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ.

شائىر خاراباتى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىگىلىۋالغان «شەخسىيەتچىلىك»نى ئۆز زامانىسىنىڭ تىلى بىلەن «نەپس» دەپ ئاتايدۇ ۋە جەمئىيەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالا - قازانىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ «نەپس» تىن كېلىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قارشى ھايات - ماماتلىق جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

شائىر كىتابى «مەسنەۋى خاراباتى» دا بۇ مەسىلىگە «دەر بايان نەپسى بەت» ۋە «دەر بايان نەپسى كەبىر ۋە

نەپسى سەغىر» دېگەن بابلاردىن تاشقىرى ئىككى هېكايەت بېغىشلايدۇ. بۇ مەسىلە كىتابتا ئەڭ سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شائىر بۇ مەسىلىگە ئەڭ جىددىي قاراپ نەپسكە «ئەجدىها» دەپ سۈپەت بېرىپ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە بىر بالا ـ قازا ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ساتىرىك هالدا گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلقنى بۇنىڭغا قارشى كۈرەشكە چاقىرىدۇ:

ئەي بۇرادەر نەفسى بىر ئەژدەر تۇرۇر،
ئەژدەرى ئەسخەر ئەمەس، ئەكبەر تۇرۇر.
ئۇشبۇ ئەژداردىن داۋام ئول ۋەهمە ناك،
قىلغاي ئول ۋاقىت تاپىپ بىر كۈن هالاك.
ئەژدەرى ئەييارى هەم مەككاردۇر،
نىشى زەهەر ئالۇرى هەم تەييارىدۇر.
گاهى بىدار گاهى خاب ئالود[1] بولۇر،
گاهى مەرهەم گاهى زەهەر ئالود بولۇر.
بولماغىل هەر سائەت ئىچرە بىخەۋەر،
بىخەۋەر بولساڭ ساڭا سالغاي زەهەر.
كۆرسەتۇر گاهى ئۆزىنى خوپتەۋار[2]،

---

[1] خاب ئالود ــــ قاتتىق ئۇخلاش.
[2] خوپتەۋار ــــ ئۇيقۇلۇق، ئۇخلاۋاتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كۆرسەتۇر گاھى ئۆزىنى مورداۋار،
مەددەئىي [1] دىن ھەر زامان ئاگاھى بول،
مەددەئىي قەتلى قىلغان شاھى بول.
تونۇ ـ كون بۇ يولدا بولغىل ۋەھىناك،
ئىشق پەھلىۋانى بول قىلغىل ھالاك.
بىخەبەر بول بارما ئەژدارھا سارى،
سەرنە گون[2] سالغاي سىنى نەھتە سارى.
تونۇ ـ كون قەستىڭدەدۇر ئول ئەژدىھا،
بولما غاپىل سوبھى ـ شام، چاشتۇ زوھا[3].
ئەي ئوغۇل ئەژدارنى قىل ئەلبەتتە بەند،
بەرمە گۆشت ۋە ياغۇ شورپا بىرلە قەند.
سەن فەرىقتە [4] بولماغىل ئەي خام رىش[5]،
ئاقىبەت ئۇرغاي ساڭا ۋاقتىدا نىش.[6]
ئوشبۇ ئەفدەردىن ھەزەر قىل يازۇ ـ قىش،
چەربى شىرىن بىرلە قىلما پەرۋىش.
ئەژدەر ئۆلتۇرمەي كىشى بولماس كىشى،
تاپماغاي رەۋناق ئانىڭ قىلغان ئىشى.

---

[1] مەددەئىي — دەۋا قىلغۇچى.
[2] سەرنە گون — بېشى تۆۋەن بولۇش، يىقىلىش، يوقاش.
[3] زوھا — ئاش ۋاقتى.
[4] فەرىقتە — ئالداش، ئالدىنىش.
[5] خام رىش — خام، نادان، پىشمىغان.
[6] نىش — نەشتەر.

ئول سىنى مايىل قىلۇر مورداردىغە،
ئاقىبەت ھەلقىڭدىن ئاسقاي داردىغا.
شاھى مەردان بول قىل ئەژدەرنى قەتىل،
شىرى يەزدان بول قىل ئەژدەرنى قەتىل.
بايىزىد ئولىغىل ۋە مەردانە پاك.
ياكى قىل مەنسۇرىدەك① سىنەڭنى چاك.
ماۋۇ مەن تەرك ئەيلە بار ئەژدەر سىرى،
قەتلە قىل ئەفدەرنى ئوت ئاندىن نارى.
ئەژدەر ئۆلمەس ھەر كىشى بولغان بىلەن،
بولمىغاي ئادەم باشى بولغان بىلەن.
ئەژدەر ئۆلتۈرمەكنى بىل ئاسان ئەمەس،
ئەژدەر ئۆلتۈرمەي كىشى ئىنسان ئەمەس.
ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا قىلغان ھالاك،
بولدىلار ئاندىن كېيىن مەردانە پاك.
ئەژدەرىڭ قەتلى ئىلە بول مەردانى مەرد،
چوستى ـ چابوك② بولغىل ئەي پالۋانى مەرد.
قەتلى قىل ئەژدەرنى ۋە بولغىل ئامان،
بولغايسەن ئەيسا سارى ئاندىن راۋان.
قەتىل قىلسا ھەر كىشى ئەژدەرنى بەس،

① مەنسۇر ــــ ئەۋلىيانىڭ ئىسمى.
② چوستى ـ چابوك ــــ چاققان.

بولغىسىدۇر گويا ئەيسا نەپەس.
ئەژدەر ئۆلسە كىشى ئەيسا بولۇر،
ئىككى ئالەم خەلقىئارا يەكتە بولۇر.
بولماغىل ئەژدەر سۈپەت قارون دوغا،
مۇسادەك قاروننى سال تەھتەسسۇرا.
بولما غاپىل ئۇشبۇ دەردىدىن داۋام،
ئەژدەرىڭنى قەتىل قىل ئەي خاسۇ ئام.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرىمىزدە لىرىك قەھرىمان «مەن» ئوتتۇرىغا چىقىپ «نەپس» كە«ئەجدىھا» دەپ تەرىپ بېرىپ ئۇنى يوقىتىشنىڭ يوللىرىنى دانىشمەنلەرچە بايان قىلىپ، ئۇنى قەتئىي يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرىپ، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلماي بىخۇتلۇق قىلساڭ:

ئول سېنى مايىل قىلۇر مورداريغە،
ئاقىبەت ھەلقىڭدىن ئاسقاي داريغا.

دەپ ئاگاھلاندۇرسا، كىتابنىڭ 123 - بېتىدە بەرگەن بىر ھېكايىدە:

بىر كۈن ئۈچ دۇنيا تەلەپ بولدى راۋان،
بىر خىشت ئالتۇن تاپتى ئاخىر شادىمان.
ئۇلار
بىر ـ بىرى بىرلە قېرىنداش ئەردىلەر،
غەم بىلە، مېھنەت مۇڭداش ئەردىلەر.
بىر ـ بىرىغا ئەردى موشفىق مېھرىبان،
ئەھلى ھەم بار ئەردى دوستى چاۋىدان.

دەپ ئەنە شۇ بىر خىش ئالتۇنغا ئىگە بولغان «مېھرىبان دوست، قېرىنداشلار» ئالتۇننى كۆرۈپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، «نەپس» نىڭ كەينىگە كىرىپ ۋەسۋەسىگە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ يولدا قورسىقى ئېچىپ، كىچىكىنى بازارغا «نان» غا ئەۋەتىدۇ. قالغان ئىككىسى ئۇ كەلگۈچە ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ مەسلىھەتىنى پىشۇرۇپ، تەييارلىق قىلىپ قويىدۇ. ئۇكىسىمۇ يوشۇرۇن ھالدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، «ئالتۇن» نى يالغۇز ئۆزى شەخسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بازادىن ئېلىپ كەلگەن تاماققا زەھەر سېلىپ قويىدۇ. ھېلىقى كىچىكى بازاردىن تاماقنى ئېلىپ كېلىشىگە چوڭ ئىككىسى مەسلىھەت بويىچە ئۇنى دەرھال ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ بىسىقتۇرۇپ، ئالمان ـ

تالمــان تامــاقلىرىنى يېيىشــىدۇ ـ دە، زەھــەرلىنىپ ئۆلىدۇ.

شائىر بۇ ھېكايەتتە ياراتقان ئۈچ ئېپىك قەھرىمان ئارقىلىق يۇقىرىقى پىكىرلىرىنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئىسپاتلاپ «نەپس» توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

جۈملىدىن كىتابنىڭ 160 ـ بېتىدە بېرىلگەن يەنە بىر ھېكايىتىدە يۇقىرىقى ساتىرىك ئېستېتىك غايىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «نەپس» نىڭ دىنىي «ئۆلىما» لار قىسمىدىكى «سېھىرلىك ئىپلاس كۈچىنى يەنە بىر ئېپىك قەھرىماندا كۆرسىتىدۇ».

بار ئىدى ئەللامەئى[1] سۈرەتتە راست،
لېكىن ئول سىيرەتتە ئەرمەس ئەردى كاست[2].
ۋە ئىزدىن ئۆزگە ئاڭا يوق ئەدى ئىش،
خەلققە ۋەئىز ئەيتۇر ئەردى يازۇ ـ قىش.
قىلدى ئول ۋەئىزىغە تەستىق خاسۇ ئام،
جان فىدا قىلدىلەر تۈنۈ كۈن، سۇبھى ـ شام.

---

[1] ئەللامەئى ـــ كاتتا ئالىم.

[2] كاست ـــ يالغان، جا.

ھەر زامان ئۇل ۋە ئىزى بەند ئەيلەدى،
گويا ئۇل قەۋمىنى بەند ئەيلەدى.
ئەمەلىيەتتە:

بەردى خەلقىغە پەندىنى ئەفيۇن قىلىپ،
ئالدى خەلقنىڭ مالىنى ئەفسۇن قىلىپ.
قەۋمىنىڭ مەقسۇدى ۋە ئىز پەندىدە،
فەسىدى ۋائىز قەۋمىنىڭ پۇل ـ مالىدا.

ئاقىۋەت:

ۋەز ئېيتىپ قەۋمىغە ھەر سۇبھى ـ شام،
بارچە خەلقنىڭ مالىنى ئالدى تامام.

نەتىجىدە، يانچۇقىنى خەلقنىڭ مال ـ مۇلكى بىلەن تولدۇرغان «بۇ ئەۋلىيا» كۆزگە تۇرتسە كۆرۈنمەيدىغان بىر قاراڭغۇ كېچىدە قاۋىغان ئىتلارنىڭ ئۈنى قوغلاپ قىلغان قاغىشلىقى ئىچىدە يۇرتىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ، بۇ يۇرتتىن قېچىپ يوقىلىدۇ. ئۆزلىرىنى «ئېتىقاد» قا باشلاپ، بۇلبۇلدەك سايراپ تۇرىدىغان «ۋەزخان» نى بۇ يۇرت قوۋمى ئىزدەپ يەر ـ

جاھاننى قېزىۋېتىدۇ... ئاخىر ھېچقەيەردىن تاپالمىغىنى ئۈچۈن ئامالسىز مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا بارىدۇ... مۇسا پەيغەمبەر ۋەقەنى ئۇققاندىن كېيىن خەلقنىڭ ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن «تەڭرى» گە مۇراجىئەت قىلىدۇ.

مۇسا ئول سائەت بەدەر گاھى خۇدا،
قىلدى بۇ مۇشكۇلغە چەندان كۆپ دۇئا.
شۇ زامان كەلتۇردى ۋەھى جىبرەئىل،
ئىدى ۋا ئىز ھالىنى رەببىل جەلىل[1].

مۇسا پەيغەمبەر «تەڭرى» ئەۋەتكەن جەبرائىلنىڭ «ھېكمىتى» گە تايىنىپ بۇ قوۋمنىڭ ھېلىقى «ئۇلۇغۋار ۋەزخانى» نىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارغا ئەينەن كۆرسىتىپ ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ:

قەۋمىغە مۇسا ئانى بىلدۇردىلەر،
سۇرىتى توڭگۇز بولۇپتۇر كۆردىلەر.

---

[1] رەببىل جەلىل ــــ ھەممىدىن ئۇستۇن، ئالىي تەربىيىچى، تەڭرى.

شائىر بۇ ھېكايەت ئارقىلىق «نەپس» (شەخسىيەتچىلىك) نىڭ «ئۆلىما» نى توڭگۇزغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئېپىك قەھرىمان ئوبرازى ئارقىلىق «نەپس» نىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، «نەپس» نىڭ جەمئىيەتتىكى ھەرىكەتكە ئايلانغان سەلبىي رولىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى توغرىسىدىكى ئېستېتىك قاراشلىرىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ.

شائىر خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان، سىياسىي جەھەتتىن جۇڭغار خاندانلىقىغا بېقىنىدىغان ۋە فېئودالىزمنىڭ چىرىك زۇلۇم زىندانىغا ئايلانغان، ئىجتىمائىي ئەخلاق جەھەتتىن چىرىكلىشىپ پىشىپ يېتىلگەن بۇ ئىستىبدات جەمئىيەتنى پەقەت ئىككىلا مىسرا شېئىرى بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ:

ئەي بىرادەر بۇ جاھان غەددار[1] دۇر،
گويا بىر ئەۋرەتى[2] مەككاردۇر.

شائىر يۇقىرىدا ساتىرىك قەلەم قامچىسى ئاستىغا ئالغان بىر پۈتۈن گەۋدىنى تەشكىل قىلغان،

[1] غەددار ـــ ئالدامچى.
[2] ئەۋرەت ـــ جىنسىي ئەزا، نومۇسلۇق، كۆرۈمسىز ئەزا.

www.uyghurkitap.com

چىرىكلىشىپ پىشىپ يېتىلگەن ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرگە قارشى ھالدا چىن ئىنسانىي پەزىلەت «ھىممەت»، مېھرىبانلىق، ئالىيجانابلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئىجابىي تەرەپتىن ئېستېتىك ھالدا ئىپادىلەيدۇ:

ئەۋۋەلى ئولدۇركى بولغان راستگۇي،
ھەم سەخىيۇ ئابىدۇ ھەم نىك خۇي.

ياكى:

ياخشى ئىشلارغا ئىغىرلىق قىلماغىل،
ھەم يامان ئىشقا يەڭگىللىك قىلماغىل.
ياخشى ئىش بىسيار قىل بولماي مەلۇل،
تاكى ئاندىن ئۆزگىلەر قىلغاي قوبۇل.

ياكى:

بولسا كىمنىڭ ئادەتى جودى كەرەم[1]،
ئول خالايىق ئىچىرە بولغاي مۆھتەرەم.
خەير قىلغاندىن كېيىن ياد ئەيلەمە،
قىلغان ئۇ خەيرىڭنى بەربات ئەيلىمە.

ياكى:

ئەر ئاتانماقلىققە كۆپ ھىممەت كېرەك،
ھەم شىجائەت بىرلە ھەم غەيرەت كېرەك.
گەر ھېمىشە بولمىسا ھىممەتتە شاھ،
ياخشىراقتۇر ئاندىن ھىممەتلىك گاداھ.
كىمكى بىھىممەتدۇررۇر مورداردۇر،
جىسمىدا ھەر موي ئانىڭ زۇننارىدۇر.
بولغىسىدۇر ئادەم ھىممەتتىن كىشى،
بولماغاي ھېچكىمكى خىلئەتتىن كىشى،
گەر كىشىنىڭ ھىممىتى ئالىدۇرۇر،
كۆڭلى ئۇل خەنناسىدىن خالىدۇرۇر.
..................................

[1] جودى كەرەم ــــ سېخىيلىق، كەڭ قورساقلىق.

گەر كىشىنىڭ ھىممىتى تۇغىيان قىلۇر،
ئول كىشى بىسيار خەيىر ئىھسان قىلۇر.
ئەر ئەمەس بۇ يولدا ھىممەتسىز كىشى،
گەرچە بولسۇن نوھ لوقمەندەك كىشى.

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ئۆلچىمى، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىنسانىي بۇرچىنىڭ دەرىجىسى، ئالىيجانابلىق ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرى شائىرنىڭ ئىستېتىك ئىدېئالى سۈپىتىدە لىرىك قەھرىمان ئاغزى ئارقىلىق بايان قىلىنغان بولسا، تۆۋەندىكى مىسرالاردا يۇقىرىقى ئىدېئال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ كونكرېتلىشىدۇ:

گەر يېتىمى ئاھۇ يا ئەفغان قىلۇر،
ئەرشى بىرلە كورسىنى لەرزان قىلۇر.

دەپ دىنىي يوپۇق يېپىنغان تۆۋەن تەبىقە كۆچىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا:
يېتىم كۆڭلىنى شاد ئەتكەن ئەمىندۇر،

يېتىم كۆڭلىنى ئاغرىتقان لەئىنىدۇر.

دەپ تۆۋەن تەبىقە مەنپەئىتىگە قانداق مۇناسىۋەت قىلىش مەسىلىسىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ.

يېسەلەر ھەر كىم يېتىمنىڭ مالىدىن،
ئول يېگەي مەھشەردە دەۋزەخ نانىدىن.

گەرچە بۇ بېيىتتا بەلگىلىك دىنىي يوپۇق بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقى ھەقىقەتكە لوگىك ھالدا قارشى تېزىش قىلىپ تاشلانغان بۇ پىكىردە تۆۋەن قاتلام مەنپەئىتىگە قارشى يۆنەلگەن ئاچ كۆز قارا كۈچنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ دىئالېكتىكىسى ئېچىپ تاشلىنىدۇ.
يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شائىر ياشىغان جۇڭغارلار كونتروللۇقىدىكى خوجىلار جەمئىيىتى شائىر خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندەك ئىدى:

ئەي بۇرادەر بۇ جاھان غەددارىدۇر،
گويا بىر ئەۋرەتى مەككارىدۇر.

شائىر ئىلىم ـ پەن، ئۇنىڭ ئەربابلىرى بولغان دانا (ئالىم) لارغا ئۆز كىتابىدىن خېلىلا كۆپ سەھىپىلەر ئاجرىتىپ، بەدىئىي تەپەككۇر يولى بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. شائىر بۇ مەسىلىنى ئىلىم ـ پەننى كەشىپ قىلغۇچى ئىنسانلارنى تەبىئەتتىكى ئەڭ يۈكسەك ماددىغا ئايلاندۇرغان، ئىنساننى «ئىنسان» دېگەن ئەڭ مۇقەددەس نامغا ئىگە قىلغان «ئەقىل» دىن باشلايدۇ:

ئەقىل بولسا ئادىمى ئىنساندۇر،
ئەقىل گەر يوق بولسا ئول ھايۋاندۇر.

دەپ ئەقىلگە توغرا تەرىپ بېرىدۇ. ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئەقىلنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىدە، رېئاللىقتا سادىقلىق يۈزىسىدىن تەبىئىي ھالدا ماتېرىيالىزمغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ.

ئەي بۇرادەر ئەقىل جايى مېغىزى سەر،[1]
ئەۋرىتى قەستىدە ـ سەر ـ بەسەر.

---

[1] مېغىزى سەر ـــ مېڭە.

دەپ ئەقىلنىڭ مەنبەسى ۋە رولى توغرىسىدا توغرا ئۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ باھا بېرىدۇ. يەن ئۇتۇقلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاڭ «مەنىۋىلىك» پەقەت يۇقىرى دەرىجىدە تەشكىل تاپقان ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر.

شائىر پەيلاسوپلارچە ئەقىلنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن ئىنسان تەپەككۇرى ئەنە شۇ ئەقىلگە تايىنىپ تەپەككۇر ئارقىلىق رېئال مەۋجۇدىيەتنى بىلىش باسقۇچلىرىنىڭ كاتېگورىيىلىرى توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

شائىر بىلىشنىڭ مانا شۇ باسقۇچلىرىنى بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان بېيىتلىرىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ.

ئەي بۇرادەر ئەقلىي ئىككى قىسىمدۇر،
ئەقلى كۇللى، ئەقلىي جۇزۋى ئىسىمدۇر.
ئەقلى كۇل گوياكى قۇرسى ئاپتاپ[①]،
ئەقلى جۇز كەمتەردۇر ئەز زەھرى شاھاپ[②].
ئەقلى كۇل گوياكى بىل دەريادا سۇ،
ئەقلى جۇزۋى گويا بىر قەترە سۇ.

---

① قۇرسى ئاپتاپ ــــ كۈننىڭ يۇمىلاق كۆرۈنۈشى.
② شاھاپ ــــ پالىلداپ كۆرۈنگەن چېچەك.

مورغى ئاقىل دام دەدەنە يېمەس،
دام دەدەنە يىسە ئاقىل ئەمەس.
مورغى غافىل دەنە يەر بوينىدا دام،
گويا بۇ دام دۇنيادا دە ئەۋام.
ئەقلى كۆل بىر تۇتىدۇر گويا،
بىر تاۋۇغدۇر ئەقلى جۇزۋى ئەي گىيا[1].
پەرقى تۇتىيۇ تاۋۇغ بىل ئەي ئەمەك،
دىۋ ئىرور تاۋۇغ، تۇتىدۇر مەلەك.
ئاڭلا پەندىمنى ئەي سەۋدايى خام،
ئەقلى كۆلنى قىل قوبۇل ھەر سۇبھى ـ شام.

يۇقىرىقى كەلتۈرۈلگەن نەقلىمىزدە شائىر ئىنسان ئەقلىنىڭ بىلىش باسقۇچلىرىنىڭ پەرقىنىلا كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى بۇ بىلىش باسقۇچلىرىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، رولىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىنسان ئەقلىنىڭ قايسى باسقۇچىنىڭ ئىشقا يارامىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى تاللاپ ئىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئىنسانغا تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر

[1] گىيا ــــ ئادەم مەنىسىدە.

قانۇنلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ئىنسانىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىنى بېرىدىغان ئىلىم ـ پەن ئۈستىدە شائىر خارابىاتى بەدىئىي تەپەككۇر شەكلى بىلەن مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ:

غەۋت ئۇردۇم ئىلىمنىڭ دەرياسىغا،
قىلدى ھەق مائىمۇردۇر يەكتاسىغا.
خاتەمى مۇلكى سۇلايمان ئىلىمدۇر،
بارچە ئالىم ـ سۇرەتو جان ئىلىمدۇر.
روھى ئادەم ئىلىمدىن قۇۋۋەت ئالۇر،
ئىلىمسىزنىڭ روھى بىقۇۋۋەت بولۇر.
گەر كىشىدە ئىلىم يوق مورداردۇر،
بولمىسا تەن ئىچرە جان، تەن خارىدۇر.
جاندىن ھەم ئارتۇقتۇر ئىلمۇ ـ مەرىپەت،
مەرىپىت يوق بولسا بولغاي خەر سۈپەت.
ئەي بۇرادەر ئىلىملىق بۇ دۇنيادۇرۇر،
مەرىپەت يوق بولسا نا بىنادۇرۇر.

ئىلىمنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتنى شۇنچىلىك چۈشىنىشىنى شائىر ياشىغان شارائىت بىلەن سېلىشتۇرغاندا شائىرنى زور ئىلىم

ئەھلى، ۋەتەنپەرۋەر، خىلمۇخىل ئىلغار زات دېيىشكە بولىدۇ.

ھەر كىشىگە مەرىپەت بىر ياردۇر،
كىمكى بىلمەس قەدرىنى مۇرداردۇر.
بولمىسا ھەر كىمدە ئىلمۇ مەرىپەت،
قويسا ھەر سارى قەدەم بولغاي غەلەت.
ئامىدىن بۇ ئىلىم مىراس ئەيلىمە،
ئام گەر قۇتبى ئۇلسا ئىخلاس ئەيلىمە.
ھەر تۆمۈر بولغان بىلەن ئالماس ئەمەس،
ھەر كىشى بولغان بىلەن ئول خاس ئەمەس.
ئېيتاي ئەي تالىپ ساڭا چەندەن سۆخەن،
مەرىپەتسىز جىسىمدۇر جانسىز بەدەن.

شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىنىڭ يۆنىلىشىدىن ئېيتقاندا، 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەدىئىي غايىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇمۇ خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئىنسانىي مەڭگۈلۈك قىلىش ئۈچۈن بىلىملىك قىلىشقا چاقىرىدۇ:

ئەي ئوغۇل ئۆلمەسنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەي ئوغۇل تائەتنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئەي ئوغۇل راھەتنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئەي ئوغۇل ئىززەتنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئەي ئوغۇل قۇربەتنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئەي ئوغۇل شاھلىقنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئەي ئوغۇل پىرلىكنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئادەمى بولماقنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
مەرىپەتلىك ئادەمى خەيرۇل بەشەر،
مەرىپەتسىز ئادەمى ئىتتىن بەتەر.
كىمدە بولسا مەرىپەت ئىنسان ئىرور،
بارچە مۇشكۇللەر ئاڭا ئاسان ئىرور.
كىمدە بولسا مەرىپەت ئالىمدۇرۇر،
مەرىپەتسىزلەر ھەمە زالىمدۇرۇر.

شائىر ئىلىمنىڭ قۇدرىتىنى ۋە ئۇنى ئىگىلەشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنىمۇ خېلىلا چوڭقۇر چۈشىنىدۇ.

مەرىپەت ئىلمىنى تەپسىر ئەيلەيىن،
ئىستەمەككە ئانى تەدبىر ئەيلەيىن.
مەرىپەت گوياكى ئول ئابى ھايات،
ئىچسە ئانى تاپقاي ئۆلمەكتىن نەجات.
ئەي بۇرادەر ئول سۆزۈلمىدىن نەرى،
ئىستەگەيسەن ئانى ئىسكەندەر كەبى.
تاپماقى ھەر كىم ئانى ئاسان ئەمەس،
ئىچمەسە ھەر كىم ئانى ئىنسان ئەمەس.

شائىر ئىنسانىيەتكە بەخت ـ سائادەت يولىنى ئاچقۇچى ئىلىمغا قانداق ھۆرمەت بىلدۈرۈش ماھىيىتىنى چۈشەنسە، بىلىمنى ياراتقۇچى دانالارغا شۇنداق ھۆرمەت بىلەن قاراپ ئۇنىڭ رولىغا يېتەرلىك باھا بېرىدۇ.

شائىر خاراباتى «مەسنەۋى خاراباتى» دېگەن كىتابىدا خوجىلار دەۋرىنىڭ زۇلمەتلىك ھايات كۆرۈنۈشىنى بەلگىلىك ھالدا سىزىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئۇنى «خوجىلار دەۋرى» نىڭ ئەينىكى دېيىشكە

ھەقلىقمىز. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «خوجىلار دەۋرى» ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ زىندانى ئىدى. بۇ دەۋردە ئىلىم ـ مەرىپەت قاتتىق چەكلەنگەن، ئۇنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئالىملار، دانالار خارۇزار ئىدى. شائىر بۇ مەنزىرىنى مۇنداق سىزىدۇ:

ئەھلى فاسىق ئىچرە ئالىم خاردۇر،
بىگۇمان ئاندىن خۇدا بىزاردۇر.
ھەر كىشى ئالىمغا يەتكۈزسە زەرەر،
سالغۇسى تەڭرىم ئانى نارى سەقەر.
كىمكى كۆرسە ئالىمنى ھەقىر،
ئول كىشىنىڭ بىگۇمان ئۆمرى كەمىر.
ھەر كىشى ئالىمغا كۈلپەت قىلماغاي،
كىمكى قىلسا تەڭرى رەھمەت قىلماغاي،
گەر كىشى ئالىم كىشىنى شاد ئېتەر،
تەڭرىم ئانى بىگۇمان ئازاد ئېتەر.

چۈنكى

پەندى ئالىم كورغا گوياكى ئاسا،
روھىغا ھەم بولغىسىدۇر كۆپ غىزا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

*　　　　*

سۆھبەتى ئالىم كۆڭۈلگە زىر[1] ئېتەر.
ئۇل كىشى ھەق بۇيرىغاننى تېز ئېتەر،
پەندى ئالىم كەسىنى ئىززەتلىك قىلۇر.
كىمكى ئەئمال قىلسا جەننەتلىك بولۇر،
پەندى ئالىم ھەر قارا ئۆيىگە چىراغ.
بىلمەيىن قىلغان ئەمەل بولماس ياراغ،
ئاڭلاغىل باردۇر ھەر ئۆينى ئاچقۇسى.
پەندى ئالىمدۇر كۆڭىلنى ئاچقۇسى،
گەر كىشىنى كىم بىيىتىشكە مەيلى بار.
سۆھبىتى ئالىمنى قىلغىل ئىختىيار.

*　　　　*

ھەر دىيارنىڭ چىراغى ئالىمى،
ھەر قار تۇننىڭ ماھى ئالىمى،
ئىلىم بىرلە سەيىر ئېتەر ئەرشى ئەلا.
ھەم پەلەك ھەم يەرنى تا تەھتەسسارا[2]،
ئىلىم بىر ئاتتۇركى خوش رەختارلىغ،
كىمكى مەركەپ[3] بولسا كۆرمەس خارالىغ.

---

[1] زىر ــــ سىڭىش، ئولتۇرۇش، پەس، ئاستى.
[2] تەھتەسسارا ــــ يەر ئاستى.
[3] مەركەپ ــــ مىنىلىدىغان نەرسە، مىنىش.

هەر دىيارنىڭ كى باغى ئالىمى،
هەر دىيارنىڭ كى شاهى ئالىمى.
ئىلىمسىز هەسرەتتە دۇر پىرو جەۋان،
ئىلىم ئىستەپ تۈن - كۈن يورغىل راۋان.

س. سىپىرو «بىلىمسىزلىك ئەقىل - پاراسەتنىڭ زۇلمەتلىك كېچىسى، بەلكى ئايدىڭسىز ۋە يۇلتۇزسىز زۇلمەتلىك كېچىسى» دېسە، ل. تولستوي «ئەقىل - پاراسەتسىز مېڭە شامسىز پانۇستۇر» دەيدۇ.
شائىر خاراباتى بۇ ھەقىقەتنى ئۆز دەۋرىدە ئاللىقاچان چوڭقۇر چۈشەنگەن:

ئىلىمسىزلەر خەلقئارا ئادەم ئەمەس،
ئىلىمسىز ئىككى جاھان مەھرەم ئەمەس.
ئىلىمدىن ئەئمالىدىن بولغاي يېقىن،
ئىلىمسىز - ئەھمالسىز بولغاي لەئىن.
* *
هەر كىشىنىڭ ئىلمى يوق هايۋانىدۇر،
قىلغان هەر فېئىلى ئانىڭ ئىسيان دۇرۇر.
ئىلىمغا قىل ئەي قاياش ئۆمرۈڭنى سەرپ،
بەهرى ئالغىل ئىلىمدىن بىر نەچچە هەرپ.

ئىلىمسىز ئۆتكەزمە ئۆمۈر ئەي خاسۇ ئام.
تىز ـ تۈندە قىلغىلۇ تۇن ـ كۈن بەر دەۋام.
غافىلا ئۆمۈر ئۆتتى دائىم بىخەۋەر،
ئىلىمسىز، ئەئمالسىز تاپقاي زەرەر.

شائىر رېئال ھاياتقا سادىق بولغانلىقى، ئىجادىيىتىدە رېئالىزم ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن «ئىسلام شەرىئىتى» نى ئۆز جەمئىيىتىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلغان خوجىلار جەمئىيىتىنى:

ئەي بۇرادەر بۇ جاھان غەددادۇر،
گويا بىر ئەۋرەتى مەككاردۇر.

دەپ سۆكىدۇ. شائىر ۋە يازغۇچى ـ سەنئەتكار ئىجادىدا ئىستېتىك ئىدېئال (غايە) يېتەكچى، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شائىر خاراباتى ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئىجادىغا سىڭدۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرغىنىدەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۈملىدىن باشقا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا ئۆچمەس تەسىر كۆرسەتكەن 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىستىتىك غايىسىنىمۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئىجادىيىتىنىڭ ھەممە تېمىلىرىغا سىڭدۈرۈپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئوچۇق سېزىلىپ تۇرۇپتۇ.

شائىرنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، ئىلىم ـ مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئېستېتىك غايىسىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسىنىڭ مېغىزى بولغان «دۆلەت ھاكىمىيەت بېشىدا بىلىملىك ئادىل شاھ ئولتۇرۇپ دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرسا، خەلق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ» دېگەن يۈكسەكلىككە يېتىپ كېلىدۇ:

ئەي مەلىك[1] سېرىغىل رەئىيەت[2] ھالىنى،
ئىنسو ئۇلغەتبىرلە بەرھەم دادىنى.
ئول رەئىيەت ھالىدىن ئاگاھى بول،
ئەدلى قىل ئىككى جاھاندا شاھى بول.
زۇلۇمنى كۆپ قىلسا دۆلەتتىن تۈشەر،
سۆزلەسە كۆپ كۈلسە ئىززەتتىن تۈشەر.

---

[1] مەلىك ــــ پادىشاھ.
[2] رەئىيەت ــــ خەلق، پۇقرا.

www.uyghurkitap.com

ئەي مەلىك ئەندىشە قىل بالا ۋە پەست،
يەتمىگەي مۈلكىڭغە ھەر ياندىن شىكەست.
شاھى ئادىل شەھىرىغە نىئمەت دۇرۇر،
شاھى زالىم شەھىرىغە لەنەت دۇرۇر،
شاھى ئادىل شەھىرىغە نىئمەت ياغار،
شاھى زالىم شەرىغە لەنەت ياغار.
شاھى ئادىل شەرئىنى پەيدا قىلۇر،
شاھى جاھىل فىسقنى پەيدا قىلۇر.

*　　　*

ئەي مەلىك شاھ بولغىل ئەمما مۇتتەقى،
بولغايسەن ئول ئالەم ئىچرە ھەم تەقى.
توقتۇر شاھقا ئەدىلىدىن ياخشى ئەمەل،
شاھغە ھەم لازىم بولۇر جەندان ئەمەل.
بىخەبەر ئۆتكەرمە ئۆمرۈڭ ئەي مەلىك،
قالمىغاي ئۇشبۇ جاھان ئىككى تىرىك،
سەلتەنەت ھەشمەت سۇلايماندەك[1] ئەمەس،
ئۆمۈر ھەم ئول نوھۇ[2] لوقماندەك[3] ئەمەس.

---

[1] سۇلايمان ــــ پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى.
[2] نوھۇ ــــ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمى.
[3] لوقمان ــــ ھۆكۈما، ئۆلىما (ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپنىڭ ئىسمى).

قىل ئۆزۈڭگە ماسىۋىللارنى هارام،
بۇ نەسىھەد ياد ئال ئەي شاھۇ ئام.

قەھرىمان «مەن» ئاغزىدىن شاھقا بېرىلگەن پىكىر، نەسىھەتلەر يالغۇز شائىرنىڭ ئەينى زامان پادىشاھىغا بېرىلگەن پىكىر ـ نەسىھەتلەر بولماستىن، بەلكى ئېزىلگەن ئامما، خەلقنىڭ پىكىر، نەسىھەتلىرى ھەم ئۇمىد ـ ئارزۇلىرىدۇر.

شائىر خاراباتىنىڭ «مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ بەدىئىيلىكىگە كەلسەك، ئەڭ ئالدى بىلەن كىتابخان ياكى تاماشىبىننى ھاياجانغا سالالايدىغان «تەسىرچان» لىقىدا بىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچى ياكى تاماشىبىننى ھاياجانغا سېلىشنى بىلگەن ئەسەرلا يۈكسەك تالانت مەھسۇلى بولالايدۇ. چۈنكى تالانتنىڭ بىرىنچى ئالامىتى كىشىلەردە سەنئەتكار خالىغان ھاياجاننى قوزغىتىشنى بىلىش، يەنى ئۆزىدىكى ھاياجاننى باشقىلارغا يۇقتۇرۇشنى بىلىشتۇر. ئۇنداقتا بەدىئىي ئەسەردىكى بۇ سىر نېمىدىن تۇغۇلىدۇ؟ بۇ سىر ئەڭ ئالدى بىلەن بەدىئىي ئوبرازلاردا ئەكس ئەتكەن «چىنلىق» تا ئىپچىلىدۇ. بەدىئىي ئەسەردىكى ئوبرازلار ھاياتنى

قانچىلىك «چىنلىق»، «راستچىللىق» بىلەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرسە، ئۇ ئوبرازلار كىتابخاننى شۇنچىلىك ھاياجانغا سالالايدۇ.

شۇڭا بېلىنىسكىي «شېئىرىي ئەسەرنىڭ قەدرىنى بەلگىلىگۈچى ئۆلچەم ئۇنىڭ ۋەقەلىككە توغرىلىقىدۇر» دېسە، پىلېخانوف «ھەققانىيەت ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر... شائىر ھاياتنى ئۇ قانداق بولسا، شۇنداق پەردازلىماستىن ۋە بۇزماستىن تەسۋىرلەش لازىم» دەيدۇ.

بىز شائىر خاراباتىغا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي «مەسنەۋى خاراباتى» غا سەنئەتكار نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىغىنىمىزدا، ئۇ ئۆز دەۋر ھاياتىنى ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئالغان چېغىدا، بەدىئىيلىكنىڭ خېلىلا يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەپ، كىشىدە ھاياجان تۇغدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان سادىق ـ سەمىمىيلىكى ئەسەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدىيىسىدىن تۇغۇلىدۇ. بۇ ھالنى ئۆزبېك يازغۇچىسى ئا. قاھارى «يازغۇچىنىڭ مەخپىي سەمىمىيەت دولقۇنى» دەپ ئاتىغانىدى.

«مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ تېمىسىنىڭ كەڭلىكى ئۆز زامانىسى ئۇچۇن زامانىۋىلىقتا ئىگە زور ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى قويۇپ ئۇنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى

ساتىرىك يول بىلەن، ئىجابىي تەرەپلىرىنى دىداكتىك يول بىلەن ھەل قىلىشقا ئىنتىلىشى ئەسەرنىڭ «سالماقدارلىقى» دەپ ئاتىلىپ، ئەسەردىكى بۇ كۈچنىمۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئەسەردىكى بەدىئىيلىكنى كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى، ئەسەردىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت.

بىز بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، ماھىيىتىنى ئۇنىڭ شەكلى ئارقىلىقلا بىلىپ ئالىمىز. يەنى مەزمۇندىكى تەسىرچانلىق پەقەت شەكىل ئارقىلىقلا بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە كىرىپ كېلەلەيدۇ.

شەكىل مەزمۇننىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر. بەدىئىي ئەسەردىكى ھايات ئوبرازلاردا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. ئوبرازچانلىق — بەدىئىيلىك، بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھاياتنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئۆزگىچە خاس ۋاستىسى يەنى شەكلىدۇر. ئوبرازچانلىق — بەدىئىيلىك بەدىئىي ئەسەردە خاراكتېرلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىيات خاراكتېرلار يارىتىش سەنئىتىدۇر. خاراكتېرلار بولسا، مەلۇم بىر ژانىردا يېزىلغان كونكرېت

ئەسەردە تىل، سۇژىت، كومپوزىتسىيە، تەبىئەت تەسۋىرى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ.

«مەسنەۋى خاراباتى» ئۆز مەزمۇننى كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ كەڭ تارقالغان شېئىري شەكلى مەسنەۋى (ئىككىلىك) بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى لىرىك قەھرىمان ۋە ئېپىك قەھرىمان يارىتىشقا چوڭ ئىمكانىيەت ياراتقان، چۇنكى كلاسسىك ئارۇز ۋەزىن شەكلىدە «مەسنەۋى» كۆپرەك ئېپىك قەھرىمان يارىتىشتا داستانلاردا قوللىنىدۇ. شۇڭا ئۇ لىرىك قەھرىمان يارىتىش ئۈچۈنمۇ كەڭ ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

شەكىل بىلەن مەزمۇن مۇناسىۋىتىدە ھەر بىر ژانىر ئۆزگىچە خاس تۈس ئالىدۇ. چۈنكى مەزمۇنغا خىزمەت قىلىدىغان شەكىل ئامىللىرى ئوخشاش بولمايدۇ. شەكىلنىڭ مەزمۇنغا ماس كېلىشى دېگەن چۈشەنچە مەزمۇنغا شەكىلنىڭ ھەممە قىسىملىرى تولۇق خىزمەت قىلىش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە مەزمۇندىكى ھەر بىر دېتال ئەڭ يارقىن، ئەڭ ئوچۇق تەسۋىرلىنىش كېرەك. قىسقىسى، بۇ شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ئېنىقلىقى ۋە ئاپتور غايىسىنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئېنىق روشەن ئىپادىلىنىشىدۇر، شۇڭا شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە مەزمۇندا

چۈشەنمەيدىغان جايلارنىڭ بولۇشى، بۇنىڭغا ماس ھالدا شەكىلدە چۈۋالچاقلىق، خىرەلىكلەرنىڭ بولۇشى، بەدىئىيلىككە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھازىر بەزى ئەسەرلەردە بولۇۋاتقان مەزمۇندا قاراڭغۇ، گۇڭگا، ئىما ـ ئىشارىلەرگە يول قويۇش، شەكىلنى ئەتەيلەپ مۇرەككەپلەشتۈرۈش ئەسەرنى شەكىلۋازلىققا ئېلىپ بارىدۇ. مۇنداق ئەسەر ئىجتىمائىي تەسىر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاممىنىڭ نەزىرىدىن قالىدۇ.

بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئەسەردىكى ئاددىي ـ ساددىلىق مەزمۇنى باي، ئىلغار زامانىۋىلىققا ئىگە چوڭقۇر بولۇپ، ئۆزىگە ماس گۈزەل شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك، دېمەكتۇر. ئىجتىمائىي ھايات مۇرەككەپ ھادىسىدۇر. يازغۇچى ئەنە شۇ مۇرەككەپ ھادىسىنى تەسۋىرلەشنى بىلگەندىلا ھاياتنىڭ ھەققانىي مەنزىرىسىنى يارىتالايدۇ.

خاراباتى شېئىرلىرىدا، ھېكايەتلىرىدە شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرلىكى يېتەرلىك پۇختا، ئۇلگىلىك دېيىشكە بولىدۇ. شېئىرىي قىسىملىرى — ۋەزىن، رىتىم، تۇراق، قاپىيە تۈرلىرى شېئىرىي مەزمۇنغا تولۇق بويسۇنىدۇ، بولۇپمۇ شېئىرىي مەزمۇننىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرىدىغان، شېئىردىكى مۇزىكىلىقنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، ۋەزىن، رىتىم، تۇراق، قاپىيە، ئۇنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن پۇختا. شۇنچە چوڭ تونپلامنى ئوقۇغاندا تىلغا پۈتلىشىدىغان بىرەر جايىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. مىسرالار، بېيىتلار سازلىنىپ قويۇلغان مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ تارلىرىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئەسەردىكى ئەكسىيەتچى سوفىستىك مەزمۇنلارمۇ ئۆزىنىڭ زەھەرلىگۈچى رولىنى يېتەرلىك ھالدا جارى قىلدۇرالايدۇ.

شائىر خاراباتىنىڭ خەلق قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ، ئۆلمەس ھەيكەلگە ئايلىنىشى، ئۆز يۇرتىدا ۋاپاتىدىن خېلى ئۇزاق يىللار كېيىن مەقبەرىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ھەتتا «ئەۋلىيا» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئەڭ ئالدى بىلەن شائىر شېئىريي ئىجادى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى قارا كۈچلەرگە قارشى خەلق تەرەپتە تۇرۇپ ئۇزلۇكسىز ئوچۇق ـ ئاشكارا جەڭ قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى خەلققە چوڭقۇر سىڭدۇرگەنلىكىدە بولۇپ، شائىرنى خەلق قەلبىدە ئۆلمەس ھەيكەلگە ئايلاندۇرغان يۇقىرىقى مەزمۇنلارنىڭ ئۇنىڭ مۇكەممەل شېئىرىيەت شەكلى ئارقىلىقلا خەلق قەلبىگە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن گۇمان قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا شائىر خاراباتى ئىجادىيىتىدە

شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرلىكى يۇقىرى دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، بەدىئىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئاخىرىدا، ھەر قانداق ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى بەدىئىي ئەسەردە ئەدەبىياتنىڭ دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش شەكلى بولغان ئوبرازلار (ئىنسان خاراكتېرى) نى يارىتىشنىڭ بىردىنبىر قورالى بولغان ئەدەبىي تىل ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. «بەدىئىي ئەدەبىياتتا سۆزلەر ياردىمى بىلەن ئوبرازلارنى، تىپلارنى، خاراكتېرلارنى يارىتىش؛ سۆزلەر ياردىمى بىلەن ۋەقە، ھادىسىلەرنى، تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى، پىكىر قىلىش جەريانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش قانداق ئامىللاردىن تەشكىل تاپىدۇ؟

ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى تىلدۇر، ئۇ ئۇنىڭ ئاساسىي قورالى ۋە پاكىتلار، ھايات ۋەقەلىرى بىلەن ئەدەبىيات ماتېرىياللىرىدۇر. ئەڭ دانا خەلق تىپىشماقلىرىدىن بىرىدە تىلنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن بەلگىلەيدۇ: ‹ھەسەل ئەمەس، لېكىن ھەممىگە يېپىشىدۇ›، بۇنىڭ بىلەن دۇنيادا ئاتالمىغان، نام ئالمىغان نەرسە يوق ئىكەنلىكى تەستىقلىنىدۇ. سۆز — پۈتۈن پاكىتلارنىڭ، پۈتۈن پىكىرلەرنىڭ كىيىمى. لېكىن پاكىتلار ئارقىسىدا

ئۆلارنىڭ ئىجتىمائىي مەنىلىرى يوشۇرۇنغان، ھەر بىر پىكىر ئارقىسىدا نىمە ئۈچۈن ئۇ ياكى بۇ پىكىر خۇددى شۇنداق، باشقىچە ئەمەس، دېگەن مەنە يوشۇرۇنغاندۇر. پاكىتلاردا يوشۇرۇنغان ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئۆلارنىڭ پۈتۈن ئەھمىيىتى، تولۇقلۇقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت مەقسەتنى قويغان بەدىئىي ئەسەردىن روشەن - ئېنىق تىل، پۇختا تاللاپ ئېلىنغان سۆزلەر تەلەپ قىلىنىدۇ. «كلاسسىك يازغۇچىلار خۇددى مانا شۇنداق تىلدا يازدى. ئۇنى ئاستا - ئاستا يۈز يىللار داۋامىدا ئىشلىدى.»[1]

يۇقىرىقى تەرىپ شائىر خاراباتى شېئىرىي تىلىغا تولىمۇ ماس چۈشىدۇ. خاراباتى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىملىرى مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار شەكىللەندۈرگەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات بەدىئىي تىلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىغا قىلغان شىددەتلىك ھۇجۇملىرىغا ئەلىشىر نەۋائىي ئىزى بىلەن مېڭىپ، قاتتىق كۈرەش قىلىپ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىي تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، ئۇنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتە، ئۇنى خەلقنىڭ

[1] م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، II توم، 412- بەت.

جانلىق تىلى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇشتا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئالقىشقا سازاۋەر شائىر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي تىلىدىكى ئەرەب ـ پارسىيزمگە قارشى كۈرەشى نەزەرىيىدە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدە ئىسپاتلاندى. ئۇنىڭ 13 مىڭغا يېقىن مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مەسنەۋى خاراباتى» شېئىرىي تىلىدا ئەرەب ـ پارس سۆز ئاتالغۇلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇنىڭ شېئىرىي تىلىنىڭ ساپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە شېئىرىي تىلنى خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇشتا چاغاتاي دەۋر ئەدەبىي تىلىنىڭ، تۆمۈرىيلەر دەۋرى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەئىدىيە خانىدانلىقى دەۋرىگە قارىغاندا زور قەدەملەر بىلەن ئالغا قەدەم تاشلاپ، ئۇلاردىن ئۇزاپ كەتتى. ئۇنىڭ شېئىرىي تىلىنى 20 ـ ئەسىر ئەدەبىي تىلىغا يېقىن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

«مەسنەۋى خاراباتى» تىلى پىشقان، تاۋلانغان، روشەن، يارقىن، ئېنىق، راۋان، رەڭدار، ئەدەبىي بوياققا باي، ئۆز ئورنىدا قوللىنىلىشقا ئىگە، ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي، بەدىئىي تىلدۇر.

شائىر بۇ تىل بىلەن تەسۋىرلىمەكچى بولغان

ئوبيېكتىنى، بولۇپمۇ ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى تەسۋىرلەشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ.

قىسقىچە ئېيتقاندا، ئەسەردىكى مەزمۇن، ئۇنىڭدىكى غايىلەرنىڭ ئالىيجانابلىقى، تەسۋىرلەنگەن ئادەملەر، ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىكى ياكى خۇنۇكلۇكى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى كىتابخانلارنىڭ قەلبىگە پەقەت بەدىئىي تىل ئارقىلىقلا يېتىپ كېلىدۇ. بەدىئىي ئەسەردىكى تىلغا يۈكلەنگەن بۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى شائىر خاراباتىنىڭ قەلىمى ھۆددىسىدىن چىققان دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

شائىر خاراباتى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى بەدىئىي تىلىنى ساپلاشتۇرۇشتا، ئۇنى ھازىرقى زامان خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇشتا، ئۇنى رەڭگارەڭ بوياققا ئىگە قىلىپ ئۆستۇرۇشتە، بەدىئىي تىل خەزىنىسىنى بېيىتىشتا ئالاھىدە كۈچ قوشقان شائىر بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىي مۇنبىرىدىن پەخرىي ئورۇنلاردىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ[1].

---

[1] شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسىرى ئاساسىدا ئىشلەندى.

# ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىگە ئوقۇلغان شىكايەتنامە

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» توغرىسىدا

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

فېئودالىزم ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى باسقۇچلىرىدا ئۆزىنىڭ جاھالەت ۋە نادانلىقىنى بىرلەشتۈرگەن ئەپت - بەشىرىسىنى تېخىمۇ ئاشكارىلىدى. شەرقنىڭ تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىرى، ئەڭ ئالدى بىلەن شەرقتىكى مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ نامايەندىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرى، تەشەببۇسلىرى بىلەن گاھى ئوچۇق - ئاشكارا دەھرىيلىك نەرىلىرىنى، گاھى يوشۇرۇن سوفىزملىق شېئىري مىسرالىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كۈرەشلىرىنى داۋام قىلدۇرۇپ كەلدى.

ئىسلام شەرقىدە ئېلىپ بېرىلغان فېئوداللىق

جاھالەتكە قارشى مەنۋى كۈرەش ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىبىن سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەلىشىر نەۋائىي، بابا رەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، جۇملىدىن مۇھەممەد بىنىنى ئابدۇللا خاراباتى قاتارلىق تەپەككۇرلارنى مەيدانغا كەلتۈردى.

مۇھەممەد بىنىنى خاراباتى ئاقسۇنىڭ چوغتال كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئابدۇللاخان (1628 - 1668)، يولۋاس سۇلتان (1668 - 1670)، ئىسمائىل خان (1670 - 1678) دىن ئىبارەت ئاخىرقى خانلىرى زامانىدا 40 يىل ياشىدى. قەشقەر بۇخارا مەدرىسىلىرىدە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى ۋە ئەينى زامان ئىلىم - پېنىنىڭ دۇردانىلىرىنى پىششىق ئۆگەندى. ئۇ 40 ياشقا تولغان يىلى — 1678 - يىلى جۇڭغار خانى غالدان باشلىغان قوشۇن ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنىڭ تەلپىنى باھانە قىلىپ يەكەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، ئىسمائىل خان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئىلىغا ئېلىپ كەتتى. خاراباتى ئاپاق خوجا (1694 - يىلى ئۆلگەن) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن پاجىئەلىك يىللاردا

يەنە 52 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 92 يېشىدا كۆز يۇمدى.
خارابـاتى ياشـىغان دەۋردە يەكـەن خـانلىقى ئـوردا ئىچىدىكى نىزالار تەخت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قانلىق جەڭلـەر، سوپـىچىلىقنىڭ ھاكىمىيەتكە بىۋاسـىتە قـول سېلىشـى، «ئـاق تـاغلىق»، «قـارا تـاغلىق» سىياسـىي مەزھەپـىنىڭ ئاشـكارا غـەليان كۆتۈرۈشـى، جۇڭغـار ئاقسـۆڭەكلىرىنىڭ تۇرپـان ـــ چـالىش (قاراشـەھەر) ئەتراپىدىكى تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنىدى. ئابدۇللاخان گەرچە ئوبۇل مۇھەممەد خان باشچىلىقىدا قۇمۇلدىن بايغىچە بولغان كەڭ لىنىيىدە جۇڭغارلاردىن مۇداپىئە كـۆرۈش، رۇسـتەم سـۇلتان بـەگ باشـچىلىقىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ قەشقەر ـــ يەركەنگە باستۇرۇپ كىرىشىگە زەربە بېرىپ چېكىندۈرۈش ۋە چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغـان مۇناسـىۋەتنى تىكلـەش (1665 - يىلـى) جەھەتلـەردە زور جاسـارەت كۆرسـەتكەن بولسـىمۇ، دۆلـەت ئىشلىرىدا غايەت زور خاتالىقلارغا يول قويدى. ئۇ يەھيا خوجىغا مۇرىت بولـۇپ، پىكىردە قـاتتىق گـۇمانخورلۇق يولىنى تۇتتى. ھەرخىل پىتنە - ئىغۋالارغا ئىشىنىپ يـاراملىق خـادىملارنى چەتكە قـاقتى. ئىسمائىل خـان دەۋرىگە يەتكەندە ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنىڭ قوزغىغان دىنىـي - سىياسـىي پىتنىسـى يىغىشـتۇرۇۋالغىلى

www.uyghurkitap.com

بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. تاشقى جەھەتتە ئۇلۇغ موغۇل خانلىقى ھالاكەت گىردابىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. چار پادىشاھلىقىنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغانچە ئىچكىرىلەپ بارماقتا ئىدى. ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدە ئەھۋال تېخىمۇ پاجىئەلىك تۈس ئېلىشقا باشلىدى. بۇ دەۋردە غالدان (1694 ـ يىلى ئۆلگەن)، سىۋان ئاراپتان (1698 — 1727)، غالدان سېرىن (1728 — 1745) قاتارلىقلار ئۇيغۇر خەلقىگە كۆپلەپ سېلىق سېلىپ تۇرغانىنىڭ سىرتىدا، يەرلىك ھۆكۈمران تەبىقە خەلقنىڭ قان ـ تەرىنى شوراپ، ھال ـ ماجالىنى قويمىدى. تۇرلۇك دىنىي تۈسكە كىرىۋالغان موللا ـ ئىشانلارمۇ بۇ جەھەتتە ئۆز خوجىلىرىدىن قېلىشمىغانىدى.

مانا مۇشۇ مۇدھىش زامان ۋە پاجىئەلىك ماكان مۇھەممەد سىدىق زەلىلى بىلەن بابا رەھىم مەشرەپنىڭ يالقۇنلۇق ئىسيانكار مىسرالىرىنى ياراتتى. مانا مۇشۇ جاھالەتلىك جاھان ۋە زۇلمەتلىك دەۋران خاراباتىنىڭ قاباھەت دىۋىلىرىگە قارشى نەپرەت ـ شىكايەت بىلەن تولغان ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تېمىدىكى قەيسەر ئەسىرى «كۈللىياتى مەسنەۋى خاراباتى» نى روياپقا چىقاردى.

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» بەھرى رەمەل (مۇسەددەسى مەھزۇپ) ۋەزنىدە يېزىلغان كۇللىيات بولۇپ، 112 ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي تېما بويىچە 1300 نەچچە مىسرادىن تەشكىل تاپقان. «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ھىجرىيىنىڭ 1146 - يىلى (1726 - يىلى)، مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ 88 ياشقا كىرگەن چېغىدا ئاياغلاشقان. بۇ ئەسەردە مۇنداق ئۇچۇر قىلىنغان:

«نى ھېساب ئەيلەدىم تارىخقە،
مىڭ ۋە يۈز يانە قىرىق ئالتىغە.»

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا (1907 - يىلى) موللا مىرمەخدۇم بىننى شاھ يۇنۇس ئىسملىك كىشىنىڭ خىراجىتى بىلەن تاشكەنت «ئارىپجانوف مەتبەئەسى» دە بېسىلغان نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا[1].

---

[1] ئۇنىڭ تاللانغان پارچىلىرى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 2 - سانى بىلەن 1982 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلدى.

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ئەينى زامانىدىكى قاششاق فېئودالىزم جاھالىتى مۇھىتىدا ياخشىلىق، ھالاللىق، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئۇنىڭغا ئاساس سالىدىغان ئادالەت، ئىلىم - پەن ۋە ئاقىل - دانا ئىدىيە تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋە قورال قىلىپ، زالىملىق، قاباھەتلىك، ھارامخورلۇق ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىلەر، سوپى - زاھىدلار، مال - مۈلۈكپەرەس، ھەشەم ئابرۇيپەرەس باي - بەگلەردىن ئىبارەت ھامىيلىرىغا قارشى شىكايەت قىلىدۇ. ئەسەر ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي ماۋزۇلىرىدا روشەن ئىدىيىۋى قاراش ۋە كۈچلۈك مۇھەببەت - نەپرەت قارشى بىلەن تولغان.

خاراباتى بىر ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئىسلام ئۆلىماسى سۈپىتىدە ياخشىلىقنى ئۇلۇغلاپ، يامانلىقنى ۋە ئۇنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىنى قاتتىق سۆكىدۇ، ئۇ مۇنداق يازغان:

«ئەي، قاياشىم ئىستەسەڭ بولماق ئەمان،
ياخشىلىق بىسيارى قىل خەلقى جەھان.
بولسا كىمنىڭ ئادەتى جۇدى كەرەم،
ئول خەلق ئىچىدە بولغاي مۆھتەرەم.»
«ھەم سەۋاب ئەيلەر كىشى، ھەم مەئرىفەت،

ئە ئىكىلىسە ئۇنى ئۇرغاي ئاقىبەت.»
«كىمكى تىفلى بىرلە دائىم ئويناشۇر،
ئول كىشىنى ئاقىبەت رەسۋا قىلۇر.»

شائىر بۇ يەردە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى سەۋەب ـ ئۇرۇق ئورنىدا، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاقىۋەت ـ هوسۇل سىلىشتۇرمىسى ئارقىلىق ئالىدۇ. ئۇ ئىككى خىل سەۋەبنىڭ ئىككى خىل ئاقىۋىتىنى مۇنداق روشەنلەشتۇرگەن:

«بەدنىيەت بىرلە ئەگەر ساچساڭ ئۇرۇق،
بولماغاي هەرگىز هوسۇل، قالغۇڭ قۇرۇق.»
«خەلق ئارا هەر كىمكى سەركەشلىك قىلۇر.
راهەت هەم ئىززەت ئىشكىن باغلاتۇر.»
«نەفسى ئەمرىن قىلمىغان مەردان بولۇر،
ئاخىرى خەلق ئىچرە ئول سۇلتان بولۇر.»
«هەر كىشىدە بىر دەرەم بولسە هەرام،
قالغۇسى مەقسۇدى ئانىڭ نا تەمام.»
«نەفسى بىر ئىتتۇركى سەمرىتمە ئۇنى،
ئول سىمىز بولسا ئالىپ ئۇرغاي سىنى.»

شائىر ئۆز زامانىسىدا ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ پەيدا بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي چۇشكۇنلۇكلەرنى، خەلقنى ـ مىللەتنى هالاك قىلىدىغان ئاپەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ:

«مەقسەدى خەلق ئىچرە تاپماق ئىززەتى،
شۇل زەمان بەرباد كەتكەي مىللەتى.»

دەپ سۆكىدۇ. ئۇ تىبخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق نەپسانىيەتچىلىكنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلىق، ھەقىقىي ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىنى ئەلا بىلىدىغان كىشى مۇنداق نەپسانىيەتچىلىككە قارشى كەسكىن كۈرەش قىلىشى لازىم، دەپ خىتاب قىلىدۇ:

«نەفسىدىن بولماق خالاس ئاسان ئەمەس،
نەفسىدىن بولماي خەلاس ئىنسان ئەمەس.»
«نەفسىنىڭ زىددىدە قىلغىن ئىشنى تېز،
ئىككى ئالەم ئىچرە بولغايسەن ئەزىز.»

شائىر ئەينى زامانىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرىنىڭ ھەققانىيەتسىز نەپسانىي مەقسەتلەر ئۈچۈن قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېچىپ تاشلاپ:

«قىلماغىل بۇ يولدا نەفسىڭنى رەفىق،
بولما ھەرگىز نەفسى بىرلە مۇتتەفىق.
تۈن ۋە كۈن نەفسىڭ بىلە قىلغىل ئۇرۇش،
راست قىل ئەسبابى جەڭ، ئاندىن ئۇرۇش.»

دەپ يازىدۇ، شائىر ھەققانىي مەقسەتلەر ئۈچۈن ھەقىقىي جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا ئىتىراز بىلدۈرمىگەن.

خاراباتى ياخشىلىق كاتېگورىيىسىنى ئادالەت كاتېگورىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ. ئادالەت ھەققىدە سۆزلىگەندە توغرىدىن ـ توغرا پادىشاھ ۋە زالىم پادىشاھ ئۈستىدە گەپ ئاچىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە زۇلمەت ھەققىدە ئەرز ـ شىكايەت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

«ئەي مەلەك سورغىل رەئىيەت ھالىنى،
ئىنسى، ئۈلفەت بىرلە پەرھەم دادىنى.»

شائىر ئادالەت ۋە زۇلۇم ھەققىدە توختىلىپ:

زۇلمىنى كۆپ قىلسا دەۋلەتتىن بوشار،
بىئەجر كۆپ كۈلسە غەيرەتدىن بوشار.

............
شاھى ئادىل شەھرىغە نېئمەت ياغۇر،
شاھى زالىم شەھرىغە لەئنەت ياغۇر.»

دەپ يازىدۇ. بۇ جۇملىلەر مەھمۇد جاراسنىڭ:

«فۇتۇر بارغاي شەھنىشەھ دەۋلەتىغە،
ئەگەر قىلسا ئۇلۇسقا زۇلمى بىداد.
رەئىيەت بىخ ئېرۇر سۇلتان شەجەركىم،
شەجەر بىخسىز ئىسە ئىلتەر ئۇنى باد.»

دېگەن مىسرالىرىغا نېمىدېگەن مەزمۇنداش ـ ھە! يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى بىلەن خوجىلار دەۋرى نەزەردە تۇتۇلغان بۇ مىسرالار ئەينى زامان فېئودال جاھالىتىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە قارىتىلغانىدى.
خاراباتى ئادالەت كاتېگورىيىسىنى ئىلىم، مائارىپ بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قارىغان. ئۇ ئۆز قاراشلىرىنى مۇنداق شېئىرىي جۇملىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن:

«جىسمى ئادەم خۇددى بىر دىۋاردۇر،
مەئرىفەت دىۋار ئارا گۇلزاردۇر.»

«تالىبا، جىسمىڭنى ئاباد ئەيلەمە،
مەئرىفەت گەنجىنى بەرباد ئەيلەمە.»
«ئەي ئوغۇل ئۆلمەسنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەئرىفەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.»
«كىمدە بولسا مەئرىفەت ئالىم بولۇر.
مەئرىفەتسىزلەر بىلىڭ زالىم بولۇر.»
«مەئرىفەت گوياكى ئول ئابىھەيات،
ئىچسەكىم تاپقايكى ئۆلمەكتىن نەجات.»
«ئەيىب ئەمەستۇر نەچچە بولسا گاچا تىل،
ئىلمسىزلىك ئەيىبى دىلدۇر، ئەيىبى دىل.»

شائىر ئىلىم ئەھلى خاراب قىلىنغان، شائىرنىڭ گۈزەل مىسرالىرى بىلەن ئېيتقاندا:

«ئەي بۇرادەر گەنج ۋەيران ئىچرەدۇر،
مەئرىفەت ئىلمى بۇ ئوريان ئىچرەدۇر.»

دېگەندەك مۇھتتا، ئىلىم ئەھلىنى كۆكلەرگە كۆتۈردۇ. ئۇنىڭ:

«كىمكى كۆرسە ئەھلى ئالىمنى ھەقىر،
ئول كىشىنىڭ بىگۇمان ئۆمرى كەمىر.»

«گەر كىشى ئالىم كىشىنى شاد ئېتەر،
بىر ئۆمۈر ئۆز قەلبىنى ئازاد ئېتەر.»
«ھەر دىيارنىڭ چىراغىدۇر ئالىمى،
ھەر قارا تۈننىڭكى ماھى ئالىمى.»

............

«ھېكىمى بۇ يولدا سەنئەتسىز ئەمەس،
كىمدە سەنئەت بولمىسا ئادەم ئەمەس.
خەلق ئارا ھەر كىمكى سەنئەتلىقدۇرۇر،
ھەر كىشى ئالدىدا ئىززەتلىكدۇرۇر.
مەئرىفەتلىك ئادىمى خەيرۇلبەشەر،
مەئرىفەتسىز ئادىمى ئىتتىن بەتەر.
مەئرىفەت ئىلمىگە گەر قىلساڭ خىيال،
بول بۇ يولدا دائىمي رىسقى ھەلال.»

دېگەن مىسرالىرى ئىلىمنىڭ خەلق بىلەن، ۋەتەن بىلەن، ئادالەت بىلەن ئىستىقبال بىلەن، ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي ئىززەت ـ ئېتىبارى بىلەن قانچىلىك ماھىيەتلىك مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە بېغىشلانغان.

خاراباتى ئىلىم مەسىلىسىدە توختالغاندا ئەمەلىيەت ھەققىدىمۇ توختالغان. ئۇ:

«ئىككى قىسمى ئادىمى ھۆرمەتتەدۇر،
مۇندىن ئۆزگە بارچەسى ھەسرەتتەدۇر.
ئىستەسە ئىلىم، ئاڭا ھەم قىلسا ئەمەل،
كۆڭلىگە ئىككى جەھان قىلماس خەلەل.»

دەپ يازىدۇ. خاراباتى يالغاندىن ئىلىم نىقابىغا ئورىنىۋېلىپ، ھە دېسىلا لاپ ئۇرۇپ، پەتىۋا ئويدۇرۇپ، خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئىلىمنى شوراپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلارنى «پەتىۋا سېتىپ دۇنيادا مېلىنى يىغقۇچىلار»، «يورۇق چىقارمايدىغان چىراغلار» دەپ كىنايە ئاستىغا ئالىدۇ. ئۇ:

«ئىلمى بولسا ھەم ئەمەل ئاقىل دۇرۇر،
بىلمىسە مەئىننى لايەئقەل دۇرۇر.»

دەپ يازىدۇ.

خاراباتى ئىلىم - پەن مەسىلىلىرى بويىچە نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ غايەت زور ئەھمىيىتىنى، نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ نامايەندىلىرى بولغان دانالارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى رولىنى ئەڭ قىزغىن تىلغا

ئالغان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

ئەھلى دانە مەشئەلى رۇيى زەمىن،
كىمدە مەشئەل بولسا تۇن خەۋفدىن ئەمىن.»
«ئەي بۇرادەر بولما داناسىز بۇگۇن،
بولماغىل ھەرگىزمۇ مەشئەلسىز بۇگۇن.»
«گەر كىشىنىڭ ئۆمرى بىدانا ئۆتەر،
ئول كىشىنىڭ چەشمى نابىنا ئۆتەر.»
«بولسا گەر ھەر كىمكى دانادىن يىراق،
بولغاي ئول ھىچ شەكسىزكى نۇسرەتتىن يىراق.»
«تەبلىدۇر ئالەمدە داناسىز كىشى،
تاپماغاي رەۋنەق ئۇنىڭ ھەممە ئىشى.»
«ئەي خاراباتى فەراسەت ئەيلەگىل،
دانالار ھۆرمەتىن ئادەت ئەيلەگىل.»

خاراباتى ئۆز دەۋرىنىڭ كۆرۈنگەن تەرەققىيپەرۋەر گۇمانىستى سۈپىتىدە كىشىلەردىكى ھەرخىل ئىدىيىۋى - ئەخلاقىي خاراكتېر مەسىلىسىگە يېقىنلاشقان. ئۇ بۇنى «ئادەمشۇناسلىق» دەپ ئاتىغانىدى. سىياسىي ئىلىم، پسىخولوگىيە، ئەخلاق ئىلمى ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق ئۇچۇن مەركىزىي تېما بولغان بۇ مەسىلىنىڭ نەقەدەر

مۇھىملىقىنى ئۇ مۇنداق تەكىتلىگەن:

«خەلقنىڭ ھالىنى بىل ئەي ئادەمشۇناس،
بۇ قەدەردۇر بىگۇمان قىلغىل قىياس.»

«كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى»دا زامان بۇزۇقچىلىقى خۇددى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ھىببەتۇل ھەقايىق» داستانلىرىنىڭ ئاخىرقى سەھىپىلىرىدىكىدەك قاتتىق ئېچىنىش بىلەن پاش قىلىنغان. شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق نالە قىلىدۇ:

«ئەي بۇرادەر بۇ جەھان زىندان ساڭا،
بولماغىل زىنھار شاد خەندان ئاڭا.
ھەممەسى بىر ـ بىرىنىڭ قەستىدەدۇر،
تىغ زەھەر ئالۇد ھەم دەستىدەدۇر.»
«ئەي دەرىخا ھەممە غەفلەت ئىچرەدۇر،
دائىما كۇفرى زەلالەت ئىچرەدۇر.»

دېگەن شېئىرى بىلەن ئۆزگە خارلانغۇچى دېگەن تەخەللۇس قويغان مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ:

«بۇ پىشە سەرھەدىدە ھەر تەرەپ يۈزشىر ـ ئەجدەرھا،
خەلايىقنىڭ كۆزىدە پەردەئى غەفلەت، ئەيان بولماس.»[1]

دېگەن شېئىرى نېمىدېگەن بىردەك بولغان ـ ھە!

خاراباتى كۆپ سۆزلەشنىڭ مەنىسىزلىكى، ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، پىتنە ـ غەيۋەتخورلۇقنىڭ پۈتۈن ئەلگە كەلتۈرىدىغان بالايى ـ ئاقىۋەتلىرىدىن زىر ـ زىر تىترەپ مۇنداق خىتاب قىلغان:

«بىنەزەردۇر ھەر كىشى كۆپ سۆزلىسە،
مەئنىسى يوق سۆزنى ھەركىم كۆپ دېسە.
قايسى ئەلدە گەپ تولادۇر بەركە ئاز،
قايسى ئەلدە ئىش تولادۇر بەركە ساز.»
«فىتنە قىلماق خۇنى ناھەقتىن يامان،
فىتنەچى قالماس جەھەننەمدىن ئامان،
خۇنى ناھەق فىتنىدىن پەيدا بولۇر.
فىتنىدىن ئالەمدە كۆپ غەۋغا بولۇر.
...............
ئۇشبۇ ئالەم فىتنىدىن بولغاي خەراب،

[1] خەلقنىڭ كۆزىدە غەپلەت پەردىسى تۇرغاچقا ئەتراپتىكى يىرتقۇچلارنى روشەن كۆرەلمەيۋاتىدۇ.

فىتنىدىن كۆپرەك كىشى كۆرگەي ئەزاب.»
«ھەر كىشىكىم بولمىسا ئەخلاقى زەر،
بۇ جەھاندىن نامۇ نىشانىسىز كېتەر.»

بۇ مىسرالار پاراكەندىچىلىك يىللاردا ئەسەبىي ھالەتكە يەتكەن چوڭ سۆزلەش، يالغان سۆزلەش، مەنىسىز سۆزلەش بىلەن پىتنە - ئاداۋەت قالدۇقلىرىنى داۋاملىق تازىلاشتا ھېلىمۇ ئەمەلىي تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

خاراباتى ئۆزىنىڭ «كۇللىيات» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق بىزگە قىممەتلىك مەنىۋى مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ مۇتەپەككۇر ئالىم سۈپىتىدە ئىنسانپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئىدى. ئۇ شائىر سۈپىتىدە رېئالىست ئىدى. ئۇ ئەينى زاماندىكى يالغان ئاشىق - سوپى ئىشانلارنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ:

ئاشىق ئولدۇر چېھرەسى بەرگى خەزان،
بولماغاي بىر سائەتى غەمدىن ئەمان.»

دەپ يازغانىدى. ئۇ:

چىقمىسام ھەرگىز ئۇشۇل مەيخانەدىن،
بولمىسا ئىلكىم جۇدا پەيمانەدىن.
قۇي لەبا ـ لەب ساقىيا جامىم غەمە،
رىزالار بەزمىدە قىلغىل مەردەمى.»

دەپ يازغان. مۇتەپەككۇر ۋە سەنئەتچى ئۇچۇن ھەرقايسى كونكرېت، رېئال تارىخىي دەۋردە ئالەمشۇمۇل تارىخىي پىكىر قىلىشتىنمۇ ماھىيەتلىك، قىممەتلىك ھېچ نەرسە يوق.

خاراباتىنىڭ تەرەققىپەرۋەر ئىجتىمائىي قاراشلىرى فارابىدىن باشلانغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە نەۋائىي ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ يارقىن شېئىرىي شەكلىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئالەمشۇمۇل ئىلغار پىكىر ئېقىمىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە يىراق مەنبە ۋە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىدى. بىز ئۇنى قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە كۆزى ئەما بولۇپ قالغان يالقۇنلۇق شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەھمەد يۈكنەكىگە ئوخشىتىمىز.

مۇھەممەد خاراباتىنىڭ ئىلغار، جەڭگىۋار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى ئەينى زامان جاھالەت مۇھىتىدا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھال ـ ئەھۋالى، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئىپادىلەپ دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىنى

تەقەززا قىلغان.

مەدەنىي مىراسلار ئۇستىدىكى تەتقىقات بىزدىن مەنىۋى بايلىقلار ئىچىدە ھەممىدىن تولاراق پىكىر دۇردانىلىرىگە ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارىمىز بىلەن قارىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. پىكىر دۇردانىلىرى مەنىۋى ئىجادىيەتتە بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ دۇنياۋى تەرەققىياتقا قانچىلىك يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىي مىراسلارنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي ۋە ئۆلمەس تارىخي قىممىتى دەل ئەنە شۇنىڭدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «مەسنەۋىي خاراباتى» دىن ھېكمەتلەر

1

كىمدە مەرىپەت بولىدىكەن، ئۇ ھەقىقىي ئىنساندۇر.

2

ھەر قانداق تۆمۈر ئالماس بولالمىغىنىدەك، ئۆزىنى ئادەم ھېسابلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئادەم قاتارىغا كىرەلمەيدۇ.

3

ياخشى سۆزلۈك ۋە ياخشى خۇلقلىق كىشىلەر ھەر ئىككى ئالەمدە ئىززەت تاپىدۇ.

4

قايسى ئەلدە گەپ تولادۇر، بەرىكەت ئاز؛ قايسى ئەلدە ئىش تولادۇر، بەرىكەت ساز.

## 5

شاھ ئادىل بولسا، شەھەرگە نېمەت ياغار. شاھ زالىم بولسا، شەھەرگە لەنەت ياغار.

## 6

ئىشلىگەنلەر نازۇنېمەت يەيدۇ، بىكار ئۆتكەنلەر ھەسرەت(يەيدۇ).

## 7

ئىلىم بىر ھۇنەردۇر، مۇشۇ ھۇنەرنى كەسپ قىلغاندا، دۇنيانىڭ نېمىتىنى ئۇندۇرگىلى بولىدۇ.

## 8

ئىلىم - مەرىپەت ئابى ھاياتقا ئوخشاشتۇر، ئۇنى ئىچكەن ئادەم ئۆلۈمدىن نىجات تاپىدۇ.

## 9

ئالەمدە لەززەتى ئىلىمدىن ئارتۇقراق ھېچ نەرسە يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 10

ئىلىم - يورۇقى چىرايلىق بىر ئاتكى، كىمكى ئۇنىڭغا مىنەلىسە، خارلىق كۆرمەيدۇ.

## 11

مەرىپەت(ئابىهايات)نى تاپماق ئاسان ئەمەس، ئۇنى ئىچمىگەن ئادەم ئادەم قاتارىغا كىرەلمەيدۇ.

## 12

قۇدرەتلىك بولاي دېسەڭ، ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلە.

## 13

ئىلىم بىلەن ئەڭ بۈيۈك يۈكسەكلىككە چىققىلى، ئاسماندىن تارتىپ، يەرنىڭ تەكتىگىچە سەير قىلغىلى بولىدۇ.

## 14

مەرىپەتلىك كىشىگە بارچە مۈشكۈللەر ئاسان بولىدۇ.

15

ئىلىمنىڭ كۆپلۈكى كۆڭۈلنىڭ بىغىدۇر.

16

هاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ كۆپلۈكى كۆڭۈلنىڭ دېغىدۇر.

17

مەرىپەتسىز كىشىنىڭ بەدىنى جانسىز جىسىمغا ئوخشاشتۇر.

18

ئىلىمسىز كىشىلەر خەلق ئارىسىدا ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيدۇ.

19

بىلىملىك كىشى ئالىم، بىلىمسىز كىشى زالىم.

20

كىمدە ئىلىم ـ مەرىپەت بولمىسا، ئۇ قايسى تەرەپكە قەدەم باسمىسۇن، خاتالىشىشتىن ساقلىنالمايدۇ.

## 21

ئالىم ـــ ئەلنىڭ چىرىغى، قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتقۇچى ئايدۇر.

## 22

ئالىملار ھەر زېمىننىڭ بېغىدۇر ۋە مەملىكەتنىڭ شاھىدۇر.

## 23

ئەقلى كامىللار نۇرلۇق قۇياشقا ئوخشايدۇ، كەم ئەقىل كىشىلەر پالىداپ كۆرۈنگەن چېچەككە ئوخشايدۇ.

## 24

ئەھلى دانالار روھىي زېمىننىڭ مەشئىلىدۇر، بۇ مەشئەل كىمدە بولسا، كېچىنىڭ خەۋپىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، بۇ ئالەم خۇددى بورانلىق كېچىگە ئوخشايدۇ، ئەھلى دانالارسىز ئۇنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ.

## 25

ئەقلى كامىللار خەۋپ ـ خەتەردىن ئامان بولىدۇ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەقىلسىز كىشىلەر غەمدىن ئامانلىق تاپالمايدۇ.

## 26

ئىلمى كۆپ بولغان بىلەنلا ئالىم ئەمەس، غاپىللىقتىن يىراق كىشى ئالىمدۇر.

## 27

ئەقلى كامىللارنى دەريادىكى سۇ دېسەك، كەم ئەقىل كىشىلەر مىسالى بىر قەترە سۇغا ئوخشايدۇ.

## 28

كۆپنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

## 29

ياخشى ئەخلاق راستچىللىق ۋە پاكلىقتۇر.

## 30

ئەدەپلىك كىشىگە ئەلەم يەتمەيدۇ.

## 31

ئەدەپلىك بولۇش ئالىم بولغانغا باراۋەر.

## 32

كۆڭلى سۇبھەدەك ئاق كىشىلەرگە پەند ـ نەسىھەت لايىقتۇر.

## 33

ئەقلى كامىللارنىڭ كۆڭلى ساپتۇر، كەم ئەقىل كىشىلەر بىئىنساپتۇر.

## 34

نادانىنىڭ سۆھبىتىدىن زىندانىنىڭ ئازابى ياخشىراق.

## 35

ئەقلى بار ئادەم ئىنسان بولىدۇ، ئەقىلسىز ئادەم ھايۋان بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

36

ئەقىللىق قۇش تۇزاقتىكى داننى يېمەيدۇ.

37

ئەر دېگەن نامغا لايىق بولۇش ئۈچۈن، كۆپتىن ـ كۆپ ھىممەت ۋە غەيرەت ـ شىجائەتلىك بولۇشى كېرەك.

38

كىشى شىجائەت بىلەن شىر بولىدۇ.

39

قىلغان ياخشىلىقنى تىلغا ئېلىش ياخشىلىقنى يوققا چىقىرىدۇ.

40

كىمكى مەردلىك ۋە ياخشىلىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلسا، ئۇ خەلق ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ.

41

ئامانلىقنى ئىزدىسەڭ، خەلقئالەمگە كۆپرەك

ياخشىلىق قىلغىن.

42

ياخشى ئىشلارغا ئۈگىنىدىن ئېغىرلىق قىلمىغىن، يامان ئىشلارغا يېنىكلىك قىلمىغىن.

43

ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئىززەت تاپىدۇ.

44

رەھمەت بىلەن جاپا بارچە ئەخلاقنىڭ بېشىدۇر.

45

پۇلنى دەپ قېرىنداشقا جاپا قىلغۇچى بولما.

46

ھاياسىزلاردىن ۋاپا كۈتمەك ئاغزىدا ئوتنى يۇتماق بىلەن باراۋەردۇر.

47

ئىلمى يوق كىشى جېنى يوق مۇردىغا ئوخشايدۇ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

## 48

كۆڭۈل ئەينىكى غۇبارسىز بولسا، ئۇنىڭدا يارنىڭ دىدارى كۆرۈنىدۇ.

## 49

جىسمى پاك كىشىنىڭ ئۆمرى چىمەنلىك باغقا ئوخشايدۇ.

## 50

توغرا ئىش قىلغان كىشى ئەندىشىدىن خالىي بولىدۇ.

## 51

مۇناپىقلار ھەرگىز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە راستچىللىق ۋە پاكلىق يوق.

## 52

ئەقىدىلىك بولغىنىكى، قارا كۆڭۈل بولما، سەمىمىي بولغىنىكى، ئىككى يۈزلىمىلىك بولما.

53

ئەقىل ئىگىسى بولاي دېسەڭ، نەپسىڭگە قۇل بولما.

54

كىمكى ئۆز نەپسىگە زالىم بولسا، ئۇ ئالىم بولىدۇ.

55

كىشىگە زىيان سالغۇچى زەھەرلىك چايانغا ئوخشايدۇ.

56

كىمكى كىشىلەرنى قەستلىسە، ئۇ مۇناپىقتۇر.

57

بىر زەررە ئوغىمۇ كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ، بىر زەررە ئوتمۇ بەدەننى كۆيدۈرىدۇ.

58

يامانغا ياخشىلىق قىلىش ئۆز يولىغا ئورا قازغانلىقتۇر.

59

يالغان ئېيتقۇچى لەنەت ۋە كۈلپەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

60

كىمكى راستچىل بولمىسا، يالغانچىلىقى ئۇنىڭ رىزقىنى كېمەيتىدۇ.

61

كىمكى ھەسەتخور بولسا، ئۇنىڭدا قانائەت بولمايدۇ.

62

كىمكى تەمەخور بولسا، راھەت كۆرمەيدۇ.

63

بەتنىيەت بىلەن بىللە ئۇرۇق چاچساڭ، ھوسۇلدىن قۇرۇق قالىسەن.

64

غەيۋەتخور كىشى ئۆزىمۇ ئامانلىق تاپالمايدۇ.

65

كىمكى خەلق ئارىسىدا غەيۋەتخورلۇق قىلىدىكەن، ئۇنداقلار دىۋە بىلەن شەيتانغا سىرداشتۇر.

66

كىمكى خەلق ئارىسىدا گەپ توشۇغۇچى، سۇخەنچى بولسا، شۈبھىسىزكى ئۇ ئىپلاستۇر.

67

پىتنىخورلۇق قىلىش ناھەق قان تۆكۈشتىنمۇ يامان.

68

پىتنىخورنىڭ رىزقى كەم بولىدۇ.

69

كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغۇچى بىلەن بىر يەردە تۇرما.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

70

ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەر پىتنە ـ پاساتتىن خالىي بولىدۇ.

71

ئىلىمسىز كىشى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى پىتنە ـ پاسات تېرىشتىنلا ئىبارەتتۇر.

72

ناھەق قان تۆكۈش پىتنىدىن پەيدا بولىدۇ.

73

پىتنىخورلۇقتىن ئالەمدە كۆپ غوۋغا تېرىلىدۇ.

74

ئالەم پىتنىدىن خاراب بولىدۇ.

75

پىتنىدىن كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ جېنىغا ئازاب يېتىدۇ.

76

پىتنىنى دوست تۇتقان كىشىگە لەنەت ياغىدۇ.

77

پىتنىدىن قول ئۈزگەن كىشىگە رەھمەت ياغىدۇ.

78

پىتنىنى تەرك ئەتكەن كىشى ئىززەتكە ئېرىشىدۇ.

79

پىتنە ـ پاسات ئىچىدە يۈرگەن ئادەم توپان ئىچىدە يۈرگەندەك بولىدۇ.

80

پىتنە ـ پاساتقا مايىل كىشىلەر ئۆمرىنى بىھۇدە زايە قىلىدۇ.

81

ئالىي ھىممەت سائادەتنىڭ نىشانىدۇر.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## 82

ھەممىتى يوق شاھتىن ھەممەتلىك گادايى ياخشى.

## 83

ھەممەتتىن ئايرىلغان كىشى روھتىن ئايرىلىدۇ.

## 84

نوھ بىلەن لوقمان بولغان تەقدىردىمۇ، ھەممىتى يوق ئادەم ئەر ھېسابلانمايدۇ.

## 85

پاكلىق كىچىدە يېقىلغان چىراغقا ئوخشايدۇ، چىراغ بار ئۆيگە ئوغرى كىرەلمەيدۇ.

## 86

نەپسىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەكلىك ھايۋاننىڭ قىلىقى، نەپسىنى تىزگىنلىمەكلىك مەردانىنىڭ قىلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 87

كىشى دەريادا بىكار قولىۋاق تاپالمىغاندەك هارامخور كىشى هاياتتا روناق تاپالمايدۇ.

## 88

كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزگەن ئادەم ئاخىرى مۇرادىغا يېتىدۇ.

## 89

ئۆز مەقسىتىدىن كېچىپ، كىشىلەرنى ھەقىقەت يولىغا باشلىغۇچىلار ھەقىقىي رەھبەر بولالايدۇ.

## 90

ئۇستازلىرىنى ھۆرمەت قىلغان كىشى ئەزىزلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ.

## 91

بىر زەررە ئەقىل ـ ھوشۇڭ بولسا، ئىشق جامىدىن بىر قەترە مەي ئىچ.

## 92

ئىشق ئىگىسىنىڭ نەزىرىدە مال ـ دۇنيا خۇددى بىر خەسكە ئوخشاشتۇر.

## 93

ئىشق يولىغا كىرگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئۆزىنى ياخشىراق بىلىشى كېرەك.

## 94

پىكىر ـ خىياللار گويا بىر مېھمان، كۆڭۈل ئۇنىڭ ئايۋان ـ سارىيىدۇر.

## 95

يار ـ دوستلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىش ئۆز جېنىنى مېھمان قىلىشتۇر.

## 96

كىشىنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئادەمنى كىشىلەر ئۆزىگە دوست تۇتىدۇ.

## 97

يات بىلەن دوست بولساڭ، جېنىڭغا جاپا يېتىدۇ.

## 98

ئۆز قەدرىنى بىلگەن كىشى ھېچقاچان خار بولمايدۇ.

## 99

ئادەم بىر كوزا بولسا، ئابرۇيپەرەسلىك بىر تاشتۇر، يوك ئېغىر بولسا، ئادەمنى ھارغۇزىدۇ، كوزىدا تاش بولسا، ئاخىر بىر كۈنى ئۇنى سۇندۇرىدۇ.

## 100

ياخشىلىقىڭدىن نەزىرىڭنى ئۈز، لېكىن ئۆز ئەيىبىڭگە دائىم كۆز - قۇلاق بولغىن.

## 101

مەنمەنلىكتىن مەست بولغان كىشى مەردلىكنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 102

شۆھرەتپەرەسلىك كىشىگە ئاپەت كەلتۈرىدۇ.

## 103

كىمكى ئۇستازلىق دەۋاسى قىلىدىكەن، ئۇنداق كىشى ئۇستاز ئەمەس، بىھۇدە غوۋغا قىلغۇچىدۇر.

## 104

مەنمەنلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق قىلغۇچە، ئۆز ئەسلىڭنى تەكەببۇر قىل.

## 105

بۇ ئالەمدە پەيدا بولغان ھەرقانداق نەرسە ئاخىرى يوقىلىدۇ.

## 106

ئىبقىن سۇ كۆپ تۇرسا، لەززىتى بولمايدۇ. كىشى كۆپ تۇرسا، ئىززىتى بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 107

ئاددىي نېمەتنى خار كۆرگەن كىشى يېمەك - ئىچمەككە زار بولىدۇ.

## 108

ئۆمۈر گوياكى زەر بىلەن تولغان بىر ھەميان، ئۇنىڭدىن دەممۇدەم قىلىنغان خىراجەت ھاياتلىق نەپسىڭنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

## 109

ئۆمۈرنىڭ ھەربىر نەپسىنى غەنىيمەت بىلگىن. روھ بىر قۇش بولسا، تەن مىسالى بىر قەپەستۇر.

## 110

ئۆمۈر خۇددى چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇنى سەزمەي، غەپلەت دۇنياسىدا غەرق بولمىغىن.

## 111

يەر ھوسۇل بېرىشتىن قالسا، شورلىشىدۇ، شورلۇققا

ھېچكىم ئۇرۇق چاچمايدۇ. باغدا ئۆسكەن دەرەخ مېۋىسىز بولسا، باغۋەن ئۇنى كېسىپ، چاتايدۇ. يىل ئاخىرى بولدى، زىرائەتنىڭ قېنى؟!...ئۆمرۈڭنى بىمەھەل ئۆتكۈزسەڭ، ساڭمۇ بىر كۈنى بىخەۋەر ئەجەل يېتىدۇ.